ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

پەسىللىك ژۇرنال
21 - يىل نەشرى

ئومۇمىي 69 - سان

2004 - يىللىق
4 - سان



**مەسلىھەتچىلەر**
ئۇيغۇر سايرانى
ئىسمىن تۇرسۇن
نۇرمۇھەممەت دۆلەتى
سابىر ئەلى

**باش مۇھەررىر**
دىلمۇرات مۇسا

**مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر**
ئابدۇرۇپ ئېلى
ئەخمەت رۇزى تۇغرۇل

**تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى**
(فامىلىسى تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)
ئابدۇرۇپ ئىلياس، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابدۇقەييۇم خوجا، ئابلەت نۇرەدۇن، ئابلەت ئىسمىن، رامىلە جوبۇر، ھوشۇر نىيازى، خوجائەخمەت يۇنۇس، قادىر ھابىر، قاسىم خوجا، قۇربان مامۇت

**مەسئۇل مۇھەررىر**
ئەخمەت رۇزى تۇغرۇل


## مۇندەرىجە

### خۇججەتلەر


جۇڭگو تەزكىرە جەمئىيىتىنىڭ 2004 - يىللىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى ........ 1
ئاپتونوم رايون ئالاقىدار نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى تەكشۈردى ........... 3


### تارىخ سەھىپىسىدە


شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىنىڭ 40 يىلدىن بۇيانقى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىنى نەشر قىلىش جەھەتتىكى نەتىجىلىرى ··· ئابدۇسالام توختى 5
ئالتاي قوزغىلىڭى ۋە ئوسمان ........ نۇرمۇھەممەد دۆلەتى، ئابدۇرېھىم ياقۇپ 17
شىنجاڭدا تۈنجى مەتبەئە كارخانىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ......... پەتتارتۇرسۇن ئىدىقۇتى 36
لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەسەرلىرىنىڭ چەت ئەللەردە نەشر قىلىنىش ئەھۋالى ........ ماھمۇد زەيدى 40


### ئىلمىي مۇھاكىمە


شىنجاڭ تاتارلىرىنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى ئۈستىدە تەھلىل ........ جۇ جيەنخۇا 42


### مەشھۇر شەخسلەر


شائىر تۇردى قارى ۋە سۇلتان ئۇۋەيسخان مازىرى ...... غوجائەخمەت يۇنۇس 53


### تارىخىي ئەسلىمە


دىۋانلار ھەققىدە بىلىدىغانلىرىم ........ مامۇت غازى 57


مۇقاۋىدا: قىزىل مىڭئۆي
تۇغرۇل فوتوسى

# جۇڭگو تەزكىرە جەمئىيىتىنىڭ 2004 - يىللىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى

جۇڭگو تەزكىرە جەمئىيىتىنىڭ 2004 - يىللىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 16 — 19 - كۈنلىرىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى تۇنجى نۆۋەتلىك يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈش نەزەرىيە قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى نەتىجىلەر خۇلاسىلەندى ۋە تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، تەزكىرىچىلىك ئىلمىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە ئەقلىي جەھەتتىن ياردەم بېرىش ۋە نەزەرىيىۋى يېتەكچىلىك قىلىش توغرىسىدىكى مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى. يىغىنغا ئۆلكە دەرىجىلىك ئورۇنلاردىكى تەزكىرە جەمئىيەتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ماقالىسى تاللانغان ئاپتورلاردىن بولۇپ 147 ئادەم قاتناشتى.

بۇ قېتىمقى يىغىننى جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى بىلەن جۇڭگو تەزكىرىچىلىك جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇردى، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئۈستىگە ئالدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مەمتىمىن زاكىر يىغىندا سۆز قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سېرجې يىغىنغا كېلىپ يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلىدى. جۇڭگو تەزكىرىچىلىك جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى شەن تيەنلۇن، جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى تيەن جيالار يىغىنغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر سۈي شۈجيې، مۇئاۋىن مۇدىر ۋۇ شىگۇ، دىلمۇرات موسا، ليۇ شىگلارمۇ يىغىنغا قاتناشتى. سۈي شۈجيې يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا قارشى ئېلىش نۇتۇقى سۆزلىدى.

سۈي شۈجيې ئالدى بىلەن يىغىنغا قاتناشقان رەھبەرلەر ۋە ۋەكىللەرنىڭ شىنجاڭغا كەلگەنلىكىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ مۇنداق دېدى: بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ شىنجاڭدا ئېچىلىشى ئاقىللارنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇپ قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇرۇشى، شىنجاڭنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىگە كونكرېت يېتەكچىلىك قىلىنغانلىقى ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بۇ شىنجاڭدىكى تەزكىرە تۈزگۈچىلەرنىڭ ئۆگىنىشى، سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى ۋە كەڭ دائىرىدە دوست تۇتۇشى ئۈچۈن يارىتىلغان ياخشى پۇرسەت.




يىغىندا 150 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تەزكىرە ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە تەزكىرىچىلىك ئىلمىي قۇرۇلۇشى تەتقىقاتىغا ئائىت ماقالە 20 پارچە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


تۈنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ئەمەلىيىتىنى خۇلاسىلەش ۋە تەتقىق قىلىشقا ئائىت ئىلمىي ماقالە 70 نەچچە پارچە، يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىدە يولۇققان يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ ھەل قىلىشقا ئائىت ئىلمىي ماقالە 30 نەچچە پارچە، باشقا مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشقا ئائىت ماقالە 20 نەچچە پارچە. بۇ ماقالىلەرنىڭ ئاپتورلىرى ئىچىدە ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلەردىكى يولداشلار، شەھەر (ۋىلايەت)، ناھىيىدىكى يولداشلار، تارماقلار تەزكىرىسى، كەسىپلەر تەزكىرىسىنى تۈزگۈچىلەر، پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىدىكى يولداشلار، بىڭتۇەندىكى يولداشلار يەنە ئالىي مەكتەپ ۋە پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىدىكى يولداشلارمۇ بار. شەن تيەنلۇن مۇنداق دېدى: «بۇ، ھازىرغىچە ئېچىلغان مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئىچىدە ئىلمىي ماقالىلەر ئەڭ كۆپ تاپشۇرۇلغان، ماقالە ئاپتورلىرىنىڭ دائىرىسى ئەڭ كەڭ بولغان بىر قېتىملىق يىغىن بولدى».

بۇ قېتىمقى يىغىندا چوڭ يىغىندا سۆز قىلىش، گۇرۇپپىلار بويىچە مۇزاكىرە قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. ئىلمىي ماقالىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، ئاپتورلار ئۈچ گۇرۇپپىغا ئايرىلدى، يېرىم كۈندىن ئىككى قېتىم گۇرۇپپىلار بويىچە پىكىر ئالماشتۇرۇلدى. گۇرۇپپىلار بويىچە پىكىر ئالماشتۇرۇش ئاساسىدا گۇرۇپپا يىغىنى چاقىرغۇچىلىرى گۇرۇپپىدا مۇزاكىرە قىلىنغان مۇھىم نۇقتا ۋە مەسىلىلەرنى يىغىنچاقلاپ، چوڭ يىغىندا ئالماشتۇردى. يىغىندا يەتتە پارچە ئىلمىي ماقالە توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇرۇلدى، ئاپتورلاردىن يەتتىسى يىغىندا سۆز قىلىپ، ئىلمىي ماقالىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى ۋە ئاساسىي مەزمۇنىنى تونۇشتۇردى.

بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ تەييارلىقى پۇختا، قاتناشقۇچىلىرىنىڭ دائىرىسى كەڭ، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئەتراپلىق، ئېچىلىشى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ، كۆزلىگەن مەقسەد ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. يىغىندا ئاساسەن تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتە نەتىجە ھاسىل قىلىندى: بىرىنچى، تۈنجى نۆۋەتلىك يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈش ئەمەلىيىتى سىستېمىلىق خۇلاسىلەندى. ۋەكىللەر مۇنداق دەپ قارىدى: تۈنجى نۆۋەتلىك يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈش ئەمەلىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا نۇرغۇن مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئومۇمەن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقى تەجرىبىلەرنى بۇندىن كېيىنكى تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە داۋاملىق تەدبىقلاش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاساسلىقى قۇرۇلما ۋە مېخانىزىم جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، تەدبىر قوللىنىپ ھەل قىلىش كېرەك. ئىككىنچى، تەزكىرە ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە تەزكىرىچىلىك ئىلمىي قۇرۇلۇشى توغرىسىدا بىرقەدەر كەڭ دائىرىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلدى. تەزكىرە ئىشلىرىغا دائىر نەزەرىيە تەتقىقاتى ۋە تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى تەتقىقاتى ھەمدە بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى، تەزكىرىچىلىك ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە يېڭىچە تەزكىرىچىلىك سىستېما قۇرۇلمىسى، يېڭىچە تەزكىرىچىلىكنىڭ ماركسىزملىق تەزكىرىچىلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، تەزكىرىنىڭ خاسلىقى ۋە رولى، تەزكىرە نەزەرىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش قاتارلىق مەزمۇنلار ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلدى. 20 پارچە ماقالىدە بۇ مەسىلىلەر توغرىسىدا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلدى، يېڭى قاراشلار

(داۋامى 4 - بەتتە)

# ئاپتونوم رايون ئالاقىدار نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى تەكشۈردى

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭىنىڭ ش ھ ئا [2004] 60 - نومۇرلۇق «تەزكىرە خىزمىتىنى بىر قېتىم كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» ىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى 7 - ئاينىڭ 2 — 8 - كۈنىگىچە ئالاقىدار نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈش ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش سىرجى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش فېڭ داجېننىڭ باشچىلىقىدا 2 گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ ئېلىپ بېرىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى دىلمۇرات مۇسا، ليۇ شىڭ، تەھرىر - تەرجىمە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇرۇپ ئېلى قاتارلىقلار تەكشۈرۈشكە قاتناشتى.

تەكشۈرۈشتە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئالاقىدار نازارەت، ئىدارىلەرگە بېرىپ، نازارەت، ئىدارە رەھبەرلىرىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاش شەكلى قوللىنىلدى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى بارغان ئىدارىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ مەسئۇل رەھبەرلىرى تەكشۈرۈشكە قاتناشتى، مەسئۇل رەھبەر خىزمەتلەرنى دوكلات قىلدى ھەمدە يازما دوكلات تەييارلىدى. تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئالاقىدار نازارەت، ئىدارىلەر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «تەزكىرە خىزمىتىنى بىر قېتىم كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتقاندىن كېيىن، دەرھال پارتگۇرۇپپا ياكى خىزمەت يىغىنى ئېچىپ، ئۆز تارمىقىنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىغان ھەم تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى مۇھاكىمە قىلغان ۋە ئورۇنلاشتۇرغان، بولۇپمۇ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى ئۇزۇن مۇددەت توختاپ قالغان بىر قىسىم ئورۇنلار كونكرېت تەدبىر ۋە چارىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئاپتونوم رايونلۇق يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى، ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق ماتېرىياللىرى كەسپىنى باشقۇرۇش ئىشخانىسى، ئاپتونوم رايونلۇق رەڭلىك مېتال سانائىتى (گۇرۇھى) شىركىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، قۇرۇلۇش نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ستاتىستىكا ئىدارىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى، تاشقى ئىقتىساد- سودا نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەتچىلىك ئىدارىسى، دۆلەت زېمىن بايلىقى نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى، مائارىپ نازارىتى، مەدەنىيەت نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق پىلان ۋە ئىسلاھات - تەرەققىيات كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق ئورۇنلار يېزىشنى ئۈستىگە ئالغان تەزكىرىلەرنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



2005 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن نەشر قىلىپ بولۇش توغرىسىدا ۋەدە بەردى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭى ئۇقتۇرۇشتا تەكشۈرۈش خىزمىتىگە قارىتا ناھايىتى ئېنىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئورۇنلار تولۇق تەييارلىق قىلغاچقا، تەكشۈرۈشتە خېلى ياخشى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بولۇپمۇ ھەرقايسى ئورۇن ھۆكۈمەتنىڭ ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، بۇ قېتىملىق تەكشۈرۈش شەرق شامىلىدىن پايدىلىنىپ، كۆپىنچىسى ئىچكى قىسىمدا تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى بىر قېتىم تەكشۈرۈپ دوكلات ئاڭلىغان. تەكشۈرۈشتە سېرجى، فېڭ داجېن ۋە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى ھەرقايسى ئورۇننىڭ دوكلاتىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى، بۇ ئىككى رەھبەر دوكلاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى چىڭ تۇتقان ئورۇنلارنى تەقدىرلىدى، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە دېگەندەك كۆڭۈل بۆلمىگەن ئورۇنلارنى تەنقىدلىدى ۋە رەتكە سېلىش، ئۆزگەرتىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئورۇنلار مەيلى قانچىلىك چوڭ قىيىنچىلىق بولۇشتىن قەتئىي نەزەر، ئۆزلىرى تۈزۈشنى ئۈستىگە ئالغان تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشر قىلىش ۋەزىپىسىنى چوقۇم ئامالىنىڭ بارىچە 2005 - يىلى تاماملاپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى قەتئىي ئارقىغا سۆرىمەسلىك توغرىسىدا ئېنىق ئىپادە بىلدۈردى.

(بېشى 2 - بەتتە)

ئوتتۇرىغا قويۇلدى ۋە بىر قىسىم يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرى قولغا كەلتۈرۈلدى. ئۈچىنچى، 2 - نۆۋەتلىك يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى جەھەتتە بەزى نەزەرىيىۋى پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ۋەكىللەر مۇنداق قارىدى: 1 - نۆۋەتلىك يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە سېلىشتۇرغاندا 2 - نۆۋەتلىك يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ بايان قىلىش ئوبيېكتىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى، بىز يولۇققان يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىشىمىز، چىنلىقنى ساقلىشىمىز، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، مەسىلىلەرنى ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرۈشىمىز كېرەك، ھەم دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە جەمئىيەتنىڭ ماھىيەتلىك تەرەققىياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشىمىز، ھەم ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ۋە ھەل قىلىنىۋاتقان قاراڭغۇ تەرەپلەرنىمۇ يوشۇرماي، يېڭىچە تەزكىرىنىڭ ئىلمىيلىكىدە قەتئىي چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. يىغىندا تاپشۇرۇۋېلىنغان 30 پارچە ئىلمىي ماقالىدە مۇشۇ جەھەتتىكى مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى. بۇلارنىڭ بەزىلىرىدە يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتىن، بەزىلىرىدە قۇرۇلما جەھەتتىن، بەزىلىرىدە بايان قىلىش ئۇسۇلى جەھەتتىن مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەن، ھەممىسىلا بىرقەدەر كۈچلۈك قاراتمىلىققا ۋە ئەمەلىيەتچانلىققا ئىگە بولغان.

جۇڭگو تەزكىرىچىلىك جەمئىيىتىنىڭ 2004 - يىللىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 2004-يىل 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلاشتى. يىغىن چاقىرغۇچى ئورۇن ۋە ۋەكىللەر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئۈستىگە ئالغان بۇ قېتىمقى يىغىندىن رازى بولغانلىقىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىدىكىلەردىن مىننەتدار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

# شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىنىڭ 40 يىلدىن بۇيانقى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىنى نەشر قىلىش جەھەتتىكى نەتىجىلىرى

ئابدۇسالام توختى

(شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىنىڭ سابىق باشلىقى، باش مۇھەررىرى)

1949 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئالدى بىلەن خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئاساسىدا مائارىپ ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. 50 ـ يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە شىنجاڭدىكى مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكى ناھايىتى كەمچىل ئىدى، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكىدىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى، شۇڭا شىنجاڭدا بىر مەزگىل سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دەرسلىكلىرى قوللىنىلدى.

شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 1952 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەركىبىدە دەرسلىك بۆلۈمى قۇرۇلدى. بۇ بۆلۈم 1952 ـ يىلدىن 1955 ـ يىلغىچە مائارىپچى ۋە شائىر داۋۇت تۇرەخمەتوفنىڭ يېتەكچىلىكىدە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكىنى تۈزۈپ نەشر قىلدى. ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان «ئېلىپبە»، «ئانا تىل»، «ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى» قاتارلىق دەرسلىكلەر ئاساسىدا شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە، ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن بىرقىسىم دەرسلىكلەرنى ئۆزگەرتىپ تۈزۈپ نەشر قىلدى. بۇ دەرسلىكلەرنىڭ مەزمۇنىغا جۇڭگو ۋە شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىرقىسىم تېكىستلەر كىرگۈزۈلۈپ، شىنجاڭغا ماسلاشتۇرۇلدى. 1952 ـ، 1955 ـ يىللىرى بۇ دەرسلىكلەرنى تۈزۈشتە ئابدۇۋەلى خەلپەت، غەنىزات غەيۇرانى، تۇرسۇن مۇھەممەت پەخرىدىن، ئەخەت شاكىر قاتارلىق كەسپىي خادىملار زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى ۋە بەلگىلىك تۆھپىلەرنى قوشتى. مېنىمۇ 1956 ـ يىل 5 ـ ئايدا ئۈرۈمچى 2 ـ دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى دەرسلىك بۆلۈمىگە مۇھەررىرلىك خىزمىتىگە يۆتكەپ كەلدى. بۇ يىللاردا شەرت ـ شارائىتنىڭ تازا پىشىپ يېتىلمەسلىكى، كەسپىي خادىملارنىڭ ئازلىقى سەۋەبىدىن باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكلا تۈزۈلۈپ نەشر قىلىندى، ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكىنى تۈزۈپ نەشر قىلىش جەھەتتە كۈچ



تېخىمۇ يېتىشمەيتتى. شۇڭا بۇ چاغدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىدىكى دەرسلىك قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، باشلانغۇچ مەكتەپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكىنى ۋە ئۇلار ئېھتىياجلىق بولغان باشقا ماتېرىياللارنى تۈزۈش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىنى قۇرۇشنى قارار قىلدى ۋە نەشرىيات قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتىنى قۇردى. مەن تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىدىن بىرى ئىدىم. مائارىپ نازارىتىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە 1956 - يىل 8 - ئاينىڭ 26- كۈنى شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى قۇرۇلدى. 1956 - يىل 12 - ئايدا پېشقەدەم مائارىپچى، شائىر كېۋىر نىياز شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىنىڭ باش مۇھەررىرلىككە تەيىنلەندى. 1957 - يىل 1- ئايدا نىزامىدىن شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىنىڭ باشلىقلىقىغا، 12 - ئايدا ھۆسەيىن ناسىروف مەزكۇر نەشرىياتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. بۇ چاغدا مائارىپ نەشرىياتى قارمىقىدا ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى، قازاق تەھرىر بۆلۈمى، قىرغىز تەھرىر بۆلۈمى، موڭغۇل تەھرىر بۆلۈمى، شىبە تەھرىر بۆلۈمى، باش تەھرىر بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى، كادىرلار بۆلۈمى، نەشر بۆلۈمى، ئىشخانا تەسىس قىلىنغانىدى. نەشرىيات قۇرۇلغاندىن كېيىن، باشلانغۇچ مەكتەپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكلىرىنى نەشرىيات ئۆزى تۈزۈشكە باشلىدى.

1956 - يىلى جۇڭگو - سوۋېت ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن توختامنامىگە ئاساسەن، جۇڭگوغا جۇملىدىن شىنجاڭغا سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى ياردەمگە كەلدى، شۇ چاغدا يەنى 1956 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئالمۇتىلىق سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىدىن ھېزىم نىغمەتوف (ئۇيغۇر)، داۋىلبايېف (قازاق) لار دۆلىتىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىغا كېلىپ، 1957 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىشلىدى. ئۇلار مائارىپ نەشرىياتىنىڭ ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىدا تۈزۈلۈپ نەشر قىلىنىدىغان دەرسلىكلەرنى تۈزۈش، تەھرىرلەش خىزمىتىگە كەسپىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلدى ھەمدە نەشرىيات خادىملىرىنى نەشرىياتچىلىق بىلىملىرى، تەھرىرلىك بىلىملىرى، ماركسىزملىق بىلىملەر، ئەدەبىيات، تىلشۇناسلىق بىلىملىرى، دەرسلىك كىتابلار ۋە باشقا كىتابلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ۋە تارقىتىشقا دائىر بىلىملەر بىلەن تەربىيىلەش جەھەتتە يېقىندىن ياردەمدە بولدى. شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى قۇرۇلغان 40 يىلدىن بۇيان (1956 — 1996 - يىلغىچە) تۆۋەندىكىدەك دەرسلىك تۈزۈش باسقۇچلىرىنى باشتىن كەچۈردى.

1. 1956 — 1958 - يىللىرى مائارىپ نازارىتىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە غەمخورلۇقى، مائارىپ نەشرىياتى رەھبەرلىرىنىڭ كونكرېت يېتەكچىلىكى، سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ كەسپىي يېتەكچىلىكى ئارقىسىدا ئەينى يىللاردىكى مائارىپ نەشرىياتى كەسپىي خادىملىرىنىڭ جاپالىق ئەمگەكلىرى ئارقىلىق، باشلانغۇچ مەكتەپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە قوللىنىلىدىغان، دۆلىتىمىزنىڭ مائارىپ فاڭجېنىغا، شىنجاڭ مائارىپىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئېھتىياجىغا، تەلىپىگە، تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ماس كېلىدىغان بىر يۈرۈش تىل-ئەدەبىيات، ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى قاتارلىق دەرسلىكلەر تۈزۈلدى. بۇ شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى قۇرۇلغاندىن كېيىن باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۈچۈن تۇنجى قېتىم تۈزۈلگەن بىر يۈرۈش سىستېمىلىق تىل - ئەدەبىيات، گرامماتىكا

(ئۇيغۇر تىلى) دەرسلىكى بولۇپ، ئۆزگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىككە، مىللىي ئالاھىدىلىككە ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدىكى دەرسلىكلەر ئىدى.

2. شىنجاڭدا 1958 -، 1959 - يىللىرى ئېلىپ بېرىلغان يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مائارىپ نەشرىياتى يەنە يۇقىرىدىكى دەرسلىكلەرنى قايتىدىن تۈزۈپ نەشر قىلدى. بۇ مەزگىلدە سولچىل ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە دەرسلىكلەرگە بەزى نامۇۋاپىق مەزمۇنلار كىرگۈزۈلدى، ھەتتا ئانا تىلىمىزدا ئىپادىلىگىلى بولىدىغان بەزى سۆز - ئاتالغۇلارنىمۇ خەنزۇچە ئېلىش تەشەببۇس قىلىندى. مەسىلەن: «تىل ئەدەبىيات» «يۈۋېن» دەپ، «گراممatikا» «يۈفا» دەپ، پارتىيە «داڭ» دەپ ئېلىندى. گراممatikا قوشۇمچە دەرس دەپ قارىلىپ، ئۇنى «يۈۋېن» دەرسىگە قوشۇۋېتىش تەشەببۇس قىلىنىپ، ئۇيغۇر تىلى گراممatikisىنى ئايرىم دەرس قىلىش بىكار قىلىندى. بۇ شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى قۇرۇلغاندىن كېيىن 2 - قېتىم تۈزۈلگەن دەرسلىكلەردۇر.

3. 1962 — 1964 - يىلغىچە ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى سولچىللىق تەنقىد قىلىنغاندىن كېيىن، مائارىپ نەشرىياتى باشلانغۇچ مەكتەپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم «تىل - ئەدەبىيات»، «ئۇيغۇر تىلى گراممatikisى» ۋە ئوقۇتۇشتا پايدىلىنىش قوللانمىلىرىنى تۈزدى. بۇ قېتىمقى دەرسلىك تۈزۈشكە ئۈرۈمچى، غۇلجا، كورلا، ئاقسۇلار-دىن كەلگەن مول بىلىم ۋە ئوقۇتۇش تەجرىبىسىگە ئىگە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى، ئايرىم نەشرىيات خادىملىرى قاتناشتى. بۇ دەرسلىكلەر مائارىپ نازارىتى تۈزۈپ بېكىتكەن دەرسلىك تۈزۈش - ئوقۇتۇش پروگراممىسىغا ئاساسەن تۈزۈلدى. كۆپچىلىك «ئۇيغۇر تىلى گراممatikisى» نى ئايرىم دەرس قىلماي «ئەدەبىيات» دەرسىگە قوشۇۋېتىشنىڭ مۇۋاپىق بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا بىردەك پىكىر ھاسىل قىلدى، شۇنىڭ بىلەن «ئەدەبىيات» ۋە «ئۇيغۇر تىلى گراممatikisى» ئايرىم - ئايرىم دەرسلىك قىلىپ تۈزۈلدى ۋە بۇ دەرسلەرنى ئۆتۈش ئۈچۈن ئايرىم دەرس ۋاقتى بەلگىلەندى. بۇ 3-قېتىم تۈزۈلگەن دەرسلىك بولۇپ، خېلى مۇكەممەل تۈزۈلگەنىدى، بۇ دەرسلىكلەر 1968 - يىلغىچە قوللىنىلدى. 1968 — 1969 - ئوقۇش يىلىدىن 1981 - يىلغىچە قوللىنىلغان دەرسلىكلەر ئاساسەن خەنزۇچە دەرسلىكلەرنى تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق نەشر قىلىندى.

4. 1960 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارارى، ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق كومىتېتى ۋە مائارىپ نازارىتىنىڭ كونكرېت بەلگىلىمىسى ھەم يولىيورۇقىغا ئاساسەن، جەمئىيەتتىكى ئىلىم - پەن خادىملىرى، مائارىپچىلار ۋە ئاممىنىڭ قايتا - قايتا مۇھاكىمە قىلىشى ئاساسىدا شىنجاڭدا ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز مىللەتلىرىنىڭ ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى كونا يېزىقنى قوللىنىشى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، لاتىن يېزىقى ئاساسىدىكى يېڭى يېزىقنى قوللىنىش بېكىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن 1960 — 1961 - ئوقۇش يىلىدىن باشلاپ باشلانغۇچ مەكتەپ 1 - يىللىقلار ئۈچۈن يېڭى يېزىقتىكى «ئېلىپبە» نى تۈزۈش قارار قىلىندى. نەتىجىدە يېڭى يېزىق «ئېلىپبە» تۈزۈلۈپ، شىنجاڭ بويىچە 1961 — 1962 - ئوقۇش يىلىدىن باشلاپ قوللىنىلدى، 1971 - يىلغا كەلگەندە يېڭى يېزىق تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكىچە ئومۇملاشتى ۋە 1961 — 1981 - يىلغىچە قوللىنىلدى. بۇ 20 يىلدا دەرسلىك ئاساسەن خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنىپ يېڭى يېزىقتا نەشر قىلىندى.

5. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاممىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، 1981 - يىلى

يېڭى يېزىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، كونا يېزىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلدى. 1980 — 1982 - يىللىرى شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى باشلانغۇچ مەكتەپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنىڭ تىل - ئەدەبىيات، ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكلىرىنى كونا يېزىقتا قايتىدىن تۈزدى. دەرسلىك تۈزۈشكە شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىنىڭ باش مۇھەررىرى ئابدۇسالام توختى بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلدى.

بۇ قېتىمقى دەرسلىك تۈزۈش خىزمىتىگە قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، كورلا، قۇمۇل، تۇرپان، پىچان، غۇلجا قاتارلىق جايلاردىكى ۋە ئۈرۈمچىدىكى مەكتەپلەردىكى مول بىلىم ۋە تەجرىبىگە ئىگە ئوقۇتقۇچىلار قاتناشتى. بۇ دەرسلىكلەر مائارىپ نازارىتى تۈزگەن ئوقۇتۇش پروگراممىسىغا ئاساسەن تۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى دەرسلىكلەرنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى تەرجىمە دەرسلىككە ئوخشاپ قالماسلىقى، مىللىي تىل - يېزىق، مىللىي ئەدەبىيات، مىللىي تۇرمۇش، مىللىي ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش تۈپەيلىدىن مەملىكەت بويىچە بىرتۇتاش قوللىنىلىدىغان دەرسلىكنىڭ مەزمۇنىدىن چەتنەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، دەرسلىك تۈزۈش پرىنسىپى ئوتتۇرىغا قويۇلدى ۋە دەرسلىك تۈزۈشتە شۇ پرىنسىپ بويىچە ئىش كۆرۈلدى. بۇ پرىنسىپ تۆۋەندىكىچە: «دەرسلىك تۈزۈشتە تۈزۈشنى ئاساس قىلىش، تۈزۈش بىلەن تەرجىمە قىلىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش، دەرسلىك سەۋىيىسى مەملىكەت بويىچە قوللىنىلىدىغان بىرتۇتاش دەرسلىك سەۋىيىسىدىن تۆۋەن بولماسلىق، مىللىي تىل- ئەدەبىيات ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش، يەرلىك ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرى %60 — %70، بىرتۇتاش دەرسلىكتىن ئېلىنىدىغان تېكىستلەر %30 — %40 بولۇش» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

1980 — 1982 - يىللىرى تۈزۈلگەن دەرسلىكلەر ئۇزۇن يىللىق دەرسلىك تۈزۈش تەجرىبىسىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن، بۇ دەرسلىكلەرنى تۈزۈشكە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت، شەھەرلىرىدىكى مول بىلىم ۋە ئوقۇتۇش تەجرىبىسىگە ئىگە ئوقۇتقۇچىلار تەكلىپ بىلەن قاتناشقان، شۇڭا بۇ دەرسلىكلەر بىرقەدەر مۇكەممەل، سىستېمىلىق، ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىگە ۋە تەلىپىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان، مىللىي تىل - يېزىق، مىللىي ئەدەبىيات ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن دەرسلىك بولۇپ، شىنجاڭدىكى كەڭ ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

6. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئۈچ يىللىق قىلىپ ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم دەرسلىك تۈزۈلدى. بۇ 6 - قېتىم تۈزۈلگەن دەرسلىك بولۇپ، 5 - قېتىم تۈزۈلگەن دەرسلىككە ئاز - تولا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ئارقىلىق تۈزۈلدى. بۇ دەرسلىكلەر 2002 - يىلغىچە ئاساسەن ئۆزگەرتىلمەي قوللىنىلىپ كەلدى. يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا، مائارىپ نەشرىياتى يەنە پېداگوگىكا مەكتەپلىرى، چوڭلار مائارىپى مەكتەپلىرى ۋە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» (تۆت توم)، «جۇڭگو بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى» (ئىككى توم)، «ئالىي مەكتەپلەر ئەدەبىيات نەزەرىيىسى»، «دۇنيا ئەدەبىياتى»، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، «پېداگوگىكا مەكتەپلىرى ئەدەبىياتى»، «چوڭلار مائارىپى ئەدەبىياتى» قاتارلىق كىتابلارنى تۈزدۈرۈپ نەشر قىلدى.

دېمەك مائارىپ نەشرىياتى ۋە بۇ نەشرىياتتىكى بارلىق كەسپىي خادىملار ئۇزاق يىللاردىن بۇيان جاپالىق ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى ۋە مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشتى. بۇ نەشرىيات 40 يىلدىن بۇيان تۈزۈپ نەشر قىلغان تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكلىرى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى.

# شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 40 يىلدىن بۇيان نەشر قىلغان دەرسلىكلەر

## تۆت يىللىق تۈزۈمدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇش كىتابى ۋە گىراماتىكىسى

| | دەرسلىك نامى | 1956 - يىلدىن 1959 - يىلغىچە | | | 1959 - يىلدىن 1961 - يىلغىچە | | | 1962 - يىلدىن 1964 - يىلغىچە | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | تۈزگۈچى | مەسئۇل مۇھەررىر | مەسئۇل كوررېكتور | تۈزگۈچى | مەسئۇل مۇھەررىر | مەسئۇل كوررېكتور | تۈزگۈچى | مەسئۇل مۇھەررىر | مەسئۇل كوررېكتور |
| 1 | ئېلىپبە (1 - يىللىق، 1 - قىسىم) | ئابدۇسالام توختى | ئەركىن سادىق | رازىيە تېيىپ | ئابدۇسالام توختى | ئەركىن سادىق | ھەنىپە ئاشۇروۋا | ئابدۇسالام توختى | ئابلەت قاسىم | ھەنىپە ئاشۇروۋا |
| 2 | ئوقۇش كىتابى (1 - يىللىق، 2 - قىسىم) | قەمەر قۇربانوۋا | ئابدۇسالام توختى | ھەنىپە ئاشۇروۋا | قەمەر قۇربانوۋا | ئابدۇسالام توختى | ئايىمگۈل | كوللېكتىپ | ئابلەت قاسىم | زەينەپ سىبتى |
| 3 | ئوقۇش كىتابى (2 - يىللىق، 3 - قىسىم) | ئەركىن سادىق | قەمەر قۇربانوۋا | مىنەۋەر ئىسرائىل | ئەركىن سادىق | قەمەر قۇربانوۋا | مىنەۋەر ئىسرائىل | كوللېكتىپ | تۇرسۇن مەخسۇت | ئايىمگۈل |
| 4 | ئوقۇش كىتابى (2 - يىللىق، 4 - قىسىم) | ئابدۇسالام توختى | ئابدۇرېھىم | ئايىمگۈل | قەمەر قۇربانوۋا | ئابدۇسالام توختى | زۆھرە قاسىم | كوللېكتىپ | تۇرسۇن مەخسۇت | ئاتىكەم يولۋاس |
| 5 | ئوقۇش كىتابى (3 - يىللىق، 5 - قىسىم) | قەمەر قۇربانوۋا | ئەركىن سادىق | زۆھرە قاسىم | ھەسەنلخان | ئەركىن سادىق | ھەنىپە ئاشۇروۋا | كوللېكتىپ | ئابلەت قاسىم | ئاتىكەم يولۋاس |
| 6 | ئوقۇش كىتابى (3 - يىللىق، 6 - قىسىم) | ھەسەنلخان | ئابدۇسالام توختى | مىنەۋەر ئىسرائىل | ئەركىن سادىق | ئابدۇسالام توختى | زۆھرە قاسىم | كوللېكتىپ | ئابدۇسالام توختى | ئاتىكەم رەخمىتۇللا |
| 7 | ئوقۇش كىتابى (4 - يىللىق، 7 - قىسىم) | ئەركىن سادىق | قەمەر قۇربانوۋا | ھەنىپە ئاشۇروۋا | ئەركىن سادىق | قەمەر قۇربانوۋا | رازىيە تېيىپ | كوللېكتىپ | تۇرسۇن مەخسۇت | زەينەپ سىبتى |
| 8 | ئوقۇش كىتابى (4 - يىللىق، 8 - قىسىم) | ئابدۇسالام توختى | ئەركىن سادىق | زۆھرە قاسىم | ئابدۇسالام توختى | ئەركىن سادىق | ئايىمگۈل | كوللېكتىپ | ئابدۇسالام توختى | ئاتىكەم رەخمىتۇللا |
| 9 | ئانا تىلى (گىراماتىكا، 1 - يىللىق، 1 - قىسىم) | قەمەر قۇربانوۋا | ھەسەنلخان | زۆھرە قاسىم | قەمەر قۇربانوۋا | ھەسەنلخان | مىنەۋەر ئىسرائىل | كوللېكتىپ | ئابلەت قاسىم | ئايىمگۈل |
| 10 | ئانا تىلى (2 - يىللىق، 2 - قىسىم) | ھەسەنلخان | ئەركىن سادىق | ھەنىپە ئاشۇروۋا | ھەسەنلخان | ئەركىن سادىق | ئايىمگۈل | كوللېكتىپ | ئابلەت قاسىم | ئاتىكەم يولۋاس |
| 11 | ئانا تىلى (3 - يىللىق، 3 - قىسىم) | ئەركىن سادىق | ئابدۇسالام توختى | مىنەۋەر ئىسرائىل | ئەركىن سادىق | ئابدۇسالام توختى | ھەنىپە ئاشۇروۋا | كوللېكتىپ | ئابلەت قاسىم | زەينەپ سىبتى |
| 12 | ئانا تىلى (4 - يىللىق، 4 - قىسىم) | ئابدۇسالام توختى | ئەركىن سادىق | رازىيە تېيىپ | ئابدۇسالام توختى | ئەركىن سادىق | مىنەۋەر ئىسرائىل | كوللېكتىپ | ئابلەت قاسىم | رابىيە ئابدۇلبارى |

## بەش، ئالتە يىللىق تولۇقسىز باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تىل - ئەدەبىيات، ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى

| | دەرسلىك نامى | 1980 — 1982 - يىلغىچە | | | 1982 — 1984 - يىلغىچە | | | 1988 — 1990 - يىلغىچە | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | تۈزگۈچى | مەسئۇل مۇھەررىر | مەسئۇل كوررېكتور | تۈزگۈچى | مەسئۇل مۇھەررىر | مەسئۇل كوررېكتور | تۈزگۈچى | مەسئۇل مۇھەررىر | مەسئۇل كوررېكتور |
| 1 | رەڭلىك ئېلىپبە 1 - يىللىق (پۈتۈن بىر يىللىق) | ئابدۇسالام توختى | ئابدۇسالام توختى | رابىيە ئابدۇلبارى | ئابدۇسالام توختى | ئابدۇسالام توختى | رابىيە ئابدۇلبارى | ئابدۇسالام توختى | ئاقۇپ قىيۇم | رابىيە ئابدۇلبارى |
| 2 | ئەدەبىيات (2 - يىللىق، 3 - قىسىم) | توخان ھەسەن | تۇرسۇن مەخسۇت | رازىيە تېيىپ | ئابلەت قاسىم | قۇربان ھاشىم | ئاتىكەم يولۋاس | ئايشەم پەيزۇللا | ئابلەت قاسىم | تۇرسۇنجان مۇسا |
| 3 | ئەدەبىيات (2 - يىللىق، 4 - قىسىم) | ياقۇپ قۇربان، قۇربان ھاشىم، ئابدۇرېھىمجان | ئابلەت قاسىم | زەينەپ سېتى | ئابلەت قاسىم، مەرىيەم ئابدۇراخمان، ئايشەم پەيزۇللا | ئابلەت قاسىم | ئاتىكەم | ئايشەم پەيزۇللا | ئابلەت قاسىم | تۇرسۇنجان مۇسا |
| 4 | ئەدەبىيات (3 - يىللىق، 5 - قىسىم) | قىيۇم مۇتەللىپ، ئايشەم پەيزۇللا | تۇرسۇن مەخسۇت، سائادەت ئىمىن | ئاتىكەم يولۋاس، قۇربان ھاشىم | ئايشەم پەيزۇللا، توخان ھەسەن | ئابدۇرېھىم-جان قادىر | رابىيە ئابدۇلبارى | تۇرسۇن مەخسۇت | تۇرسۇنجان مۇسا | |
| 5 | ئەدەبىيات (3 - يىللىق، 6 - قىسىم) | توخان ھەسەن، قىيۇم مۇتەللىپ | سائادەت ئىمىن | قۇربان ھاشىم | توخان ھەسەن، قىيۇم مۇتەللىپ | ئابدۇرېھىم-جان قادىر | رابىيە ئابدۇلبارى | سائادەت ئىمىن | ئابلەت قاسىم | تۇرسۇنجان مۇسا |
| 6 | ئەدەبىيات (4 - يىللىق، 7 - قىسىم) | ئابدۇرېھىم-جان قادىر | تۇرسۇن مەخسۇت | ئاتىكەم رەھمىتۇللا | ئابلەت قاسىم | ئابدۇرېھىم-جان قادىر | زەينەپ سېتى | سائادەت ئىمىن | ئابلەت قاسىم | تۇرسۇنجان مۇسا |
| 7 | ئەدەبىيات (4 - يىللىق، 8 - قىسىم) | ئايشەم پەيزۇللا | ئابدۇسالام توختى | زەينەپ سېتى | ئايشەم پەيزۇللا | زەينەپ سېتى | ئايشەم پەيزۇللا | سائادەت ئىمىن | ئاتىكەم يولۋاس | تۇرسۇنجان مۇسا |
| 8 | ئەدەبىيات (5 - يىللىق، 9 - قىسىم) | ئابلەت قاسىم | سائادەت ئىمىن | ئاتىكەم يولۋاس | ئايشەم پەيزۇللا، ئابلەت قاسىم، مەرىيەم ئابدۇراخمان | ئابلەت قاسىم | مەملىكەت خانبابا | سائادەت ئىمىن | ئابلەت قاسىم | تۇرسۇنجان مۇسا |
| 9 | ئەدەبىيات (5 - يىللىق، 10 - قىسىم) | قىيىم مۇتەللىپ | تۇرسۇن مەخسۇت | رازىيە تېيىپ | ئايشەم پەيزۇللا، ئابلەت قاسىم، مەرىيەم ئابدۇراخمان | ئابلەت قاسىم | قۇربان ھاشىم | تۇرسۇن مەخسۇت | ئابلەت قاسىم | تۇرسۇنجان مۇسا |
| 10 | ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى (1- قىسىم) | كوللېكتىپ | ئابلەت قاسىم | ئاتىكەم يولۋاس | كوللېكتىپ | ئابلەت قاسىم | ئارزۇگۇل ھېيتەم | ئابلەت قاسىم | ئابدۇسالام توختى | تۇرسۇنجان مۇسا |

| | دەرسلىك نامى | تۈزگۈچى | مەسئۇل مۇھەررىر | مەسئۇل كوررېكتور | تۈزگۈچى | مەسئۇل مۇھەررىر | مەسئۇل كوررېكتور | تۈزگۈچى | مەسئۇل مۇھەررىر | مەسئۇل كوررېكتور |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 11 | ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى (2- قىسىم) | كوللېكتىپ | ئابلەت قاسىم | رابىيە ئابدۇلبارى | كوللېكتىپ | ئابلەت قاسىم | رابىيە ئابدۇلبارى | ھاكىمجان مەسۇم | ئابلەت قاسىم | تۇرسۇنجان مۇسا |
| 12 | ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى (3- قىسىم) | كوللېكتىپ | ئابلەت قاسىم | رازىيە تېيىپ | كوللېكتىپ | ئابلەت قاسىم | رازىيە تېيىپ | ھاكىمجان مەسۇم | ئابلەت قاسىم | تۇرسۇنجان مۇسا |
| 13 | ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى (4- قىسىم) | كوللېكتىپ | ئابدۇسالام توختى | رابىيە ئابدۇلبارى | كوللېكتىپ | ئابدۇسالام توختى | رابىيە ئابدۇلبارى | ھاكىمجان مەسۇم | ئابدۇسالام توختى | تۇرسۇنجان مۇسا |

## تولۇقسىز ئوتتۇرا ئۈچ يىللىق ۋە تولۇق ئوتتۇرا ئىككى يىللىق تۈزۈمدىكى مەكتەپلەرنىڭ تىل - ئەدەبىيات، ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى

| | دەرسلىك نامى | 1956 — 1958 - يىلغىچە | | | 1959 — 1961 - يىلغىچە | | | 1962 — 1964 - يىلغىچە | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | تۈزگۈچى | مەسئۇل مۇھەررىر | مەسئۇل كوررېكتور | تۈزگۈچى | مەسئۇل مۇھەررىر | مەسئۇل كوررېكتور | تۈزگۈچى | مەسئۇل مۇھەررىر | مەسئۇل كوررېكتور |
| 1 | تولۇقسىز ئوتتۇرا تىل - ئەدەبىيات (1 - قىسىم) | ئەركىن سادىقوف | ئابدۇسالام توختى | رازىيە تېيىپ | كوللېكتىپ | ئابدۇسالام توختى | رازىيە تېيىپ | كوللېكتىپ | تۇرسۇن مەخسۇت | ئاتىكەم يولۋاس |
| 2 | تولۇقسىز ئوتتۇرا تىل - ئەدەبىيات (2 - قىسىم) | قەمەر قۇربانوۋا | ئەركىن سادىق | ھەنىپە ئاشۇروۋا | كوللېكتىپ | تۇرسۇن مەخسۇت | ھەنىپە | كوللېكتىپ | سائادەت ئىمىن | ئاتىكەم رەخمىتۇللا |
| 3 | تولۇقسىز ئوتتۇرا تىل - ئەدەبىيات (3 - قىسىم) | ئابدۇسالام توختى | قەمەر قۇربانوۋا | مىنەۋۋەر ئىسرائىل | كوللېكتىپ | ئابدۇسالام توختى | زۆھرە قاسىم | كوللېكتىپ | تۇرسۇن مەخسۇت | ھەنىپە ئاشۇروۋا |
| 4 | تولۇقسىز ئوتتۇرا تىل - ئەدەبىيات (4 - قىسىم) | ئەركىن سادىق | ئابىتوف | زۆھرە قاسىم | كوللېكتىپ | ئەركىن سادىق | رازىيە تېيىپ | كوللېكتىپ | ئابدۇسالام توختى | مەملىكەت خانىبابا |
| 5 | تولۇقسىز ئوتتۇرا تىل - ئەدەبىيات (5 - قىسىم) | قەمەر قۇربانوۋا | ئابىتوف | رازىيە تېيىپ | كوللېكتىپ | ئەركىن سادىق | رازىيە تېيىپ | كوللېكتىپ | سائادەت ئىمىن | ئايشەم |
| 6 | تولۇقسىز ئوتتۇرا تىل - ئەدەبىيات (6 - قىسىم) | ئابدۇسالام توختى | ھۆسەيىن ناسىروف | زۆھرە قاسىم | كوللېكتىپ | مۇساجان ئەزىزى | مىنەۋۋەر ئىسرائىل | كوللېكتىپ | سائادەت ئىمىن | ھەنىپە ئاشۇروۋا |
| 7 | تولۇق ئوتتۇرا تىل - ئەدەبىيات (1 - قىسىم) | ئەركىن سادىق | ئابدۇسالام توختى | مىنەۋۋەر ئىسرائىل | كوللېكتىپ | ئەركىن سادىق | ھەنىپە ئاشۇروۋا | كوللېكتىپ | ئابدۇسالام توختى | مەملىكەت خانىبابا |
| 8 | تولۇق ئوتتۇرا تىل - ئەدەبىيات (2 - قىسىم) | قەمەر قۇربانوۋا | ئەركىن سادىق | ھەنىپە ئاشۇروۋا | كوللېكتىپ | تۇرسۇن مەخسۇت | زۆھرە قاسىم | كوللېكتىپ | تۇرسۇن مەخسۇت | ئايشەم |
| 9 | تولۇق ئوتتۇرا تىل - ئەدەبىيات (3 - قىسىم) | ھۆسەيىن ناسىروف | ئابدۇسالام توختى | مىنەۋۋەر ئىسرائىل | كوللېكتىپ | تۇرسۇن مەخسۇت | رازىيە تېيىپ | كوللېكتىپ | سائادەت ئىمىن | ئاتىكەم يولۋاس |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 10 | تولۇق ئوتتۇرا تىل - ئەدەبىيات (4 - قىسىم) | ئابدۇسالام توختى | قەمەر قۇربانوۋا | زۆھرە قاسىم | كوللېكتىپ | ئابدۇسالام توختى | رازىيە تېيىپ | كوللېكتىپ | ئابدۇسالام توختى | ئايىمگۈل |
| 11 | ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى (1- قىسىم) | ئابدۇسالام توختى | ھۈسەيىن ناسىروف | رازىيە تېيىپ | كوللېكتىپ | ئابدۇسالام توختى | ھەنىپە ئاشۇروۋا | ئابدۇسالام توختى، ئەنۋەر سۇلتان | ئابدۇسالام توختى | ھەنىپە ئاشۇروۋا |
| 12 | ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى (2- قىسىم، سىنتاكسىس) | ھۈسەيىن ناسىروف | ئابدۇسالام توختى | ھەنىپە ئاشۇروۋا | كوللېكتىپ | ئابدۇسالام توختى | ئايىمگۈل | ئابدۇسالام توختى، ئەنۋەر سۇلتان | ئابدۇسالام توختى | ئاتىكەم رەخمىتۇللا |

## تولۇقسىز ئوتتۇرا ئۈچ يىللىق، تولۇق ئوتتۇرا ئىككى يىللىق ۋە ئۈچ يىللىق تۈزۈمدىكى مەكتەپلەرنىڭ تىل - ئەدەبىيات، ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى

| | دەرسلىك نامى | 1980 — 1982 - يىلغىچە | | | 1982 — 1984 - يىلغىچە | | | 1993 — 1996 - يىلغىچە | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | تۈزگۈچى | مەسئۇل مۇھەررىر | مەسئۇل كوررېكتور | تۈزگۈچى | مەسئۇل مۇھەررىر | مەسئۇل كوررېكتور | تۈزگۈچى | مەسئۇل مۇھەررىر | مەسئۇل كوررېكتور |
| 1 | تولۇقسىز ئوتتۇرا تىل - ئەدەبىيات (1 - قىسىم) | ئەھەت ئامان، سائادەت ئىمىن | سائادەت ئىمىن | زەينەپ سىبتى | تۇرسۇن مەخسۇت، سائادەت ئىمىن، ئەھەت ئامان | ئابدۇسالام توختى | زەينەپ سىبتى | تۇرسۇن روزى | ئابدۇسالام توختى | |
| 2 | تولۇقسىز ئوتتۇرا تىل - ئەدەبىيات (2 - قىسىم) | ئەھەت ئامان، ئايخان تاھىر | ئابلەت قاسىم | ئاتىكەم رەخمىتۇللا | سائادەت ئىمىن | ئابلەت قاسىم | تۇرسۇن روزى | تۇرسۇن روزى | ئابدۇسالام توختى | رابىيە ئابدۇلبارى |
| 3 | تولۇقسىز ئوتتۇرا تىل - ئەدەبىيات (3 - قىسىم) | تۇرسۇنتاي، سادىق ھاپىز | سائادەت ئىمىن | رابىيە ئابدۇلبارى | تۇرسۇن مەخسۇت، سائادەت ئىمىن | ئەھەت ئامان، سائادەت ئىمىن | زەينەپ سىبتى | دىلشات خالىدىن | ئابدۇسالام توختى | |
| 4 | تولۇقسىز ئوتتۇرا تىل - ئەدەبىيات (4 - قىسىم) | سادىق ھاپىز، ئايخان تاھىر | ئابلەت قاسىم | ئايىمگۈل | تۇرسۇن مەخسۇت، سائادەت ئىمىن، ئەھەت ئامان | تۇرسۇن مەخسۇت | ئايىمگۈل | دىلشات خالىدىن | تۇرسۇن مەخسۇت | |
| 5 | تولۇقسىز ئوتتۇرا تىل - ئەدەبىيات (5 - قىسىم) | مەھەممەت سابىت، نەجمىدىن مۇسا، تۇرسۇن | مەخسۇت، تۇرسۇنتاي | ئاتىكەم يولۋاس | تۇرسۇن مەخسۇت، سادەت ئىمىن، ئەھەت ئامان | تۇرسۇن مەخسۇت | ئاتىكەم يولۋاس | سائادەت ئىمىن، ئەھەت ئامان، تۇرسۇن مەخسۇت | تۇرسۇن مەخسۇت | |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 6 | تولۇقسىز ئوتتۇرا تىل - ئەدەبىيات (6 - قىسىم) | مەھەممەت سابىت، تۇرسۇنتاي، نەجمىدىن مۇسا | ئابلەت قاسىم | مەملىكەت خانبابا | تۇرسۇن مەخسۇت، ئەھەت ئامان، سائادەت ئىمىن | سائادەت ئىمىن | قۇربان ھاشىم | سائادەت ئىمىن، ئەھەت ئامان | ئابلەت قاسىم | |
| 7 | تولۇق ئوتتۇرا ئەدەبىيات (1 - قىسىم) | ئابدۇسالام توختى، تۇنىياز يۇسۇپ | سائادەت ئىمىن | رازىيە تىيىپ | ئابدۇسالام توختى، تۇنىياز يۇسۇپ، مۇتەل ھامۇت | سائادەت ئىمىن | رازىيە تىيىپ | ئابدۇسالام توختى، تۇنىياز يۇسۇپ | سائادەت ئىمىن | رازىيە تىيىپ |
| 8 | تولۇق ئوتتۇرا ئەدەبىيات (2 - قىسىم) | ئابدۇسالام توختى، مۇتەل ھامۇت، تۇنىياز يۇسۇپ | تۇرسۇن مەخسۇت | قۇربان ھاشىم | ئابدۇسالام توختى، مۇتەل ھامۇت، تۇنىياز يۇسۇپ | تۇرسۇن مەخسۇت | قۇربان ھاشىم | ئابدۇسالام توختى، مۇتەل ھامۇت، تۇنىياز يۇسۇپ | تۇرسۇن مەخسۇت | رازىيە تىيىپ |
| 9 | تولۇق ئوتتۇرا ئەدەبىيات (3 - قىسىم) | ئابدۇسالام توختى، مۇتەل ھامۇت، تۇنىياز يۇسۇپ | ئابدۇسالام توختى | ئاتىكەم يولۋاس | ئابدۇسالام توختى، مۇتەل ھامۇت، تۇنىياز يۇسۇپ | ئابدۇسالام توختى | ئاتىكەم يولۋاس | ئابدۇسالام توختى، مۇتەل ھامۇت، تۇنىياز يۇسۇپ | ئابدۇسالام توختى | ئاتىكەم يولۋاس |
| 10 | تولۇق ئوتتۇرا ئەدەبىيات (4 - قىسىم) | ئابدۇسالام توختى، ھامۇت سەيپى | ئابدۇسالام توختى | قۇربان ھاشىم | ئابدۇسالام توختى، ھامۇت سەيپى | ئابدۇسالام توختى | قۇربان ھاشىم | ئابدۇسالام توختى، ھامۇت سەيپى | ئابدۇسالام توختى | قۇربان ھاشىم |
| 11 | تولۇق ئوتتۇرا ئەدەبىيات (5 - قىسىم) | تۇرسۇن مەخسۇت | سائادەت ئىمىن | زەينەپ سىبتى | تۇرسۇن مەخسۇت | سائادەت ئىمىن | زەينەپ سىبتى | تۇرسۇن مەخسۇت | سائادەت ئىمىن | زەينەپ سىبتى |
| 12 | تولۇق ئوتتۇرا ئەدەبىيات (6 - قىسىم) | تۇرسۇن مەخسۇت | ئابدۇسالام توختى | ئايسگۈل | تۇرسۇن مەخسۇت | ئابدۇسالام توختى | ئايسگۈل | تۇرسۇن مەخسۇت | ئابدۇسالام توختى | ئايسگۈل |
| 13 | ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى (1- قىسىم) | ئەيساجان، ئابدۇسالام توختى | ئابدۇسالام توختى | ئاتىكەم يولۋاس، تۇرسۇنجان مۇسا | ئابلىمىت سىدىق | ئابلەت قاسىم | ئاتىكەم يولۋاس، تۇرسۇن مۇسا | ھاكىمجان مەسۇم | تۇرسۇن مەخسۇت | ئاتىكەم يولۋاس، تۇرسۇنجان مۇسا |
| 14 | ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى (2- قىسىم) | باھاۋۇدۇن نىياز، ئابدۇسالام توختى | تۇرسۇن مەخسۇت | تۇرسۇنجان مۇسا | باھاۋۇدۇن نىياز، ئابدۇسالام توختى | تۇرسۇن مەخسۇت | تۇرسۇنجان مۇسا | ئابدۇرېشىت سابىت | تۇرسۇن مەخسۇت | تۇرسۇنجان مۇسا |
| 15 | ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى (3- قىسىم) | ئايخان تاھىر، ئابدۇسالام توختى | ئابدۇسالام توختى | رابىيە ئابدۇلبارى | ئابلىمىت سىدىق | ئابدۇسالام توختى | زەينەپ سىبتى | باھاۋۇدۇن نىياز | ئابدۇسالام توختى | زەينەپ سىبتى |

## ئۈچ يىللىق تۈزۈمدىكى تولۇق دارىلمۇئەللىمىن مەكتەپلىرى، چوڭلار مائارىپى مەكتەپلىرىنىڭ دەرسلىكلىرى

| | دەرسلىك نامى | 1986 — 1996 - يىلغىچە تۈزگۈچى | 1986 — 1996 - يىلغىچە مەسئۇل مۇھەررىر | 1986 — 1996 - يىلغىچە مەسئۇل كوررېكتور | 1997 — 1998 - يىلغىچە تۈزگۈچى | 1997 — 1998 - يىلغىچە مەسئۇل مۇھەررىر | 1997 — 1998 - يىلغىچە مەسئۇل كوررېكتور |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | دارىلمۇئەللىمىن ئەدەبىيات دەرسلىكى (1 - قىسىم) | ماھمۇت نىزام، ئابلا يۈسۈپ، مەھەممەتجان ھەمرا، ئىمىر مەھەممەت | ئابلەت قاسىم | رازىيە تېيىپ | جېلىل ئابدۇراخمان | تۇرسۇن مەخسۇت | ئارزۇگۈل ھېيتەم، رابىيە ئابدۇلبارى |
| 2 | دارىلمۇئەللىمىن ئەدەبىيات دەرسلىكى (2 - قىسىم) | باھاۋۇدۇن نىياز، ئوسمان قادىر، تۇرسۇنتاي، ياسىن قادىر | سائادەت ئىمىن | ئارزۇگۈل ھېيتەم | جېلىل ئابدۇراخمان، تۇرسۇن مەخسۇت | ئابلەت قاسىم | تۇرسۇنجان مۇسا |
| 3 | دارىلمۇئەللىمىن ئەدەبىيات دەرسلىكى (3 - قىسىم) | باھاۋۇدۇن نىياز، ئابلا يۈسۈپ، مەھەممەتجان، ئىمىر مەھەممەت | سائادەت ئىمىن | ئاتىكەم يولۋاس ئارزۇگۈل ھېيتەم | سائادەت ئىمىن | تۇرسۇن مەخسۇت | ئىلياس رەھىمى |
| 4 | دارىلمۇئەللىمىن ئەدەبىيات دەرسلىكى (4 - قىسىم) | ئابدۇسالام توختى، ئىمىر مەھەممەت، ئابلا يۈسۈپ | ئابدۇسالام توختى | قۇربان ھاشىم | ئابدۇسالام توختى، ئىمىر مەھەممەت، ئابلا يۈسۈپ | تۇرسۇن مەخسۇت | قۇربان ھاشىم |
| 5 | دارىلمۇئەللىمىن ئەدەبىيات دەرسلىكى (5 - قىسىم) | ماھمۇت نىزام، ئابلا يۈسۈپ، ئىمىر مەھەممەت | سائادەت ئىمىن | رابىيە ئابدۇلبارى، ئاتىكەم رەخمىتۇللا | ماھمۇت نىزام، ئابلا يۈسۈپ، ئىمىر مەھەممەت | سائادەت ئىمىن | رابىيە ئابدۇلبارى، ئاتىكەم رەخمىتۇللا |
| 6 | دارىلمۇئەللىمىن ئەدەبىيات دەرسلىكى (6 - قىسىم) | تۇرسۇن مەخسۇت، ئوسمان قادىر، ياسىن قادىر | ئابدۇسالام توختى | رابىيە ئابدۇلبارى | تۇرسۇن مەخسۇت، ئوسمان قادىر، ياسىن قادىر | ئابدۇسالام توختى | رابىيە ئابدۇلبارى |
| 7 | ئۇيغۇر تىلى | ئابدۇسالام توختى | ئابلەت قاسىم | تۇرسۇنجان مۇسا | ئادىل ئېزىز، ئابلىمىت تاشپولات | ئابلەت قاسىم | ئاتىكەم يولۋاس |
| 8 | چوڭلار مائارىپى ئۇيغۇر تىلى | ئابدۇسالام توختى | مۇتەل ھامۇت، تۇرسۇن مەخسۇت | ئاتىكەم يولۋاس | ئابدۇسالام توختى | مۇتەل ھامۇت، تۇرسۇن مەخسۇت | ئاتىكەم يولۋاس |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 9 | چوڭلار ماﺋارىپى تولۇقسىز ئوتتۇرا ئەدەبىيات دەرسلىكى (1- قىسىم) | ساﺋادەت ئىمىن | ئابلەت قاسىم | رازىيە تېيىپ | ساﺋادەت ئىمىن | ئابلەت قاسىم | رازىيە تېيىپ |
| 10 | چوڭلار ماﺋارىپى تولۇقسىز ئوتتۇرا ئەدەبىيات دەرسلىكى (2- قىسىم) | ئابدۇسالام توختى | تۇرسۇن مەخسۇت | ئاتىكەم يولۋاس | ئابدۇسالام توختى | تۇرسۇن مەخسۇت | ئاتىكەم يولۋاس |
| 11 | چوڭلار ماﺋارىپى تولۇق ئوتتۇرا ئەدەبىيات دەرسلىكى (1 - قىسىم) | ساﺋادەت ئىمىن | ئابلەت قاسىم | زەينەپ سېتى | ساﺋادەت ئىمىن | ئابلەت قاسىم | زەينەپ سېتى |
| 12 | چوڭلار ماﺋارىپى تولۇق ئوتتۇرا ئەدەبىيات دەرسلىكى (2 - قىسىم) | ئابدۇسالام توختى | باقى شامى | رابىيە ئابدۇلبارى | ئابدۇسالام توختى | باقى شامى | رابىيە ئابدۇلبارى |
| 13 | ئوقۇشلۇق ۋە يېزىقچىلىق (1 - قىسىم) | تۇرسۇن مەخسۇت، جېلىل راخمان | ئابدۇسالام توختى | مەھەممەتئىمىن تۇرسۇن | تۇرسۇن مەخسۇت، جېلىل راخمان | ئابدۇسالام توختى | مەھەممەتئىمىن تۇرسۇن |
| 14 | ئوقۇشلۇق ۋە يېزىقچىلىق (2 - قىسىم) | تۇرسۇن مەخسۇت، جېلىل راخمان | تۇرسۇن مەخسۇت | مەھەممەتئىمىن تۇرسۇن | تۇرسۇن مەخسۇت، جېلىل راخمان | تۇرسۇن مەخسۇت | مەھەممەتئىمىن تۇرسۇن |
| 15 | ئوقۇشلۇق ۋە يېزىقچىلىق (3 - قىسىم) | ئابدۇسالام توختى | تۇرسۇن مەخسۇت | مەھەممەتئىمىن تۇرسۇن | ئابدۇسالام توختى | تۇرسۇن مەخسۇت | مەھەممەتئىمىن تۇرسۇن |

## ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات، يېزىقچىلىق، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكى

| | دەرسلىك نامى | 1986 — 1996 - يىلغىچە | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| | | تۈزگۈچى ۋە تەرجىمە قىلغۇچى | مۇھەررىر | مەسئۇل مۇھەررىر | مەسئۇل كوررېكتور |
| 1 | ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى (1 - قىسىم) | شېرىپىدىن ئۆمەر، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، ئابدۇكېرىم راخمان قاتارلىق 12 پروفېسسور ۋە دوتسېنت | قاسىم ئارشوف، ئابلەت ئۆمەر | ئابدۇسالام توختى | ئايىمگۈل، رابىيە ئابدۇلبارى |
| 2 | ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى (2 - قىسىم) | يۇقىرىدىكى كىشىلەر | قاسىم ئارشوف | ئابدۇسالام توختى | رازىيە تېيىپ، رابىيە ئابدۇلبارى |
| 3 | ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى (3 - قىسىم) | يۇقىرىدىكى كىشىلەر | ئابدۇكېرىم راخمان | تۇرسۇن مەخسۇت | رازىيە تېيىپ، رابىيە ئابدۇلبارى |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 4 | ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى (4 ـ قىسىم) | نۇرمەھەممەت زامان | | تۇرسۇن مەخسۇت | رازىيە تېيىپ، رابىيە ئابدۇلبارى |
| 5 | جۇڭگو هازىرقى زامان ئەدەبىياتى | ماھمۇت نىزام، ھەسەن مامۇت، يولۋاس راشىدىن، ئەبەيدۇللا ئىمىن، غوپۇر قوربانلار تەرجىمىسى | ماھمۇت نىزام، سائادەت ئىمىن | تۇرسۇن مەخسۇت، ماھمۇت نىزام | ئاتىكەم يولۋاس |
| 6 | جۇڭگو هازىرقى زامان ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدىن تاللانغان ئوقۇشلۇق (2 ـ قىسىم) | ئەبەيدۇللا ئىمىن، ئابدۇسالام توختى، دىلشات خالىدىنلار تەرجىمىسى | | ئابدۇسالام توختى | ئاتىكەم يولۋاس |
| 7 | جۇڭگو بۇگۈنكى زامان ئەدەبىياتى (1 ـ قىسىم) | ئازات سۇلتان | | ئابدۇسالام توختى | رابىيە ئابدۇلبارى |
| 8 | جۇڭگو بۇگۈنكى زامان ئەدەبىياتى (2 ـ قىسىم) | ئازات سۇلتان | | ئابدۇسالام توختى | زەينەپ سىتى |
| 9 | چەت ئەل ئەدەبىياتى | ماھمۇت نىزام، ھەسەن مامۇت، سائادەت ئىمىن، يولۋاس راشىدىنلار تەرجىمىسى | | ئابدۇسالام توختى، راخمان مامۇت | ئايىمگۈل |
| 10 | ئەدەبىيات نەزەرىيىسى | ئابلەت ئۆمەر، سالى خۇدابەردى، ئابدۇكېرىم راخمان، تۇرسۇن قوربان | ئابلەت ئۆمەر | سائادەت ئىمىن، تۇرسۇن مەخسۇت | ئاتىكەم يولۋاس، ئايىمگۈل |
| 11 | هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى | ئەنسەردىن مۇسا، تۇردى ئەخمەت، نەسرۇللا يولبولدى | ئابدۇسالام توختى، ئابلىمىت سىدىق | ئابدۇسالام توختى | زەينەپ سىتى، رازىيە تېيىپ |
| 12 | هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىن لېكسىيىلەر | ئادىل ئەزىز، غېنى ئابدۇگۈل | | ئابدۇسالام توختى | ئاتىكەم يولۋاس |
| 13 | يېزىقچىلىق بىلىملىرى | نۇرى كېرىم | | ئابدۇسالام توختى | ئاتىكەم يولۋاس |
| 14 | يېزىقچىلىق | بوغدا ئابدۇللا | | ئىبراھىم سوپى | |
| 15 | كىنو ۋە كىنو ئەدەبىياتى | نۇرمەھەممەت زامان | | تۇرسۇن مەخسۇت | |
| 16 | تىل ـ ئەدەبىيات ئاساسلىرى | رەۋەيدۇللا، نەسرۇللا، سالى خۇدابەردى، تۇرسۇن قوربان، بوغدا ئابدۇللا، نۇرمەھەممەت زامان، خەيرىنسا خالىق، ئابدۇكېرىم راخمان | تۇرسۇن مەخسۇت، سائادەت ئىمىن، باقى شامى | تۇرسۇن مەخسۇت | |

تەھرىرلىگۈچى: ئابدۇروپ ئېلى

# ئالتاي قوزغىلىڭى ۋە ئوسمان

نۇرمۇھەممەد دۆلەتى، ئابدۇرېھىم ياقۇپ

(ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىدىن)

## 1. 1940 - يىلدىكى 1 - قېتىملىق خەلق قوراللىق قوزغىلىڭى

1933 - يىلدىكى ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ھوقۇقىنى قولىغا ئېلىپ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان شېڭ شىسەي دەسلەپكى مەزگىلدە ئاخىرقى مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن خېلى ئىلغار سىياسەتلەرنى يولغا قويۇپ، خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان بەزى پايدىلىق ئىشلارنى قىلدى. «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش» تەك ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى يولغا قويۇپ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ بىرنەچچە مۇنەۋۋەر ئەزاسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىرنەچچە جەمئىيەت ئەربابىنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ ئۆزىگە ياردەم بېرىشىنى ماقۇل كۆردى. بۇ كىشىلەر شىنجاڭنىڭ سىياسىي، قانۇن، ئىقتىساد، مائارىپ، مەتبۇئات قاتارلىق ساھەلىرىدە مەسئۇل خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، شېڭ شىسەينىڭ بىرقەدەر ئىلغار سىياسەتلەرنى يولغا قويۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى يېڭىلىقتا يۈزلىنىپ، سىياسىي، ئىقتىساد، سانائەت، سودا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە قاتارلىق ساھەلەردە خېلى زور ئىلگىرىلەشلەر بولدى. جۈملىدىن ئالتاي تەۋەسىدىمۇ خەلق ئىگىلىكىدە زور ئىلگىرىلەشلەر بولۇپ، زامان - زاماندىن بۇيان پەقەت چارۋىچىلىق بىلەنلا شۇغۇللىنىپ كەلگەن خەلق ئەمدى دېھقانچىلىق، سودا - سېتىق، ئالتۇن قېزىشقا ئوخشاش كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا كىرىشىپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى. 1938 - يىلى ماۋ زېدۇڭنىڭ «ئۇزاقتا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرى قازاق تىلىدىكى گېزىت - ژۇرناللاردا بېسىلدى، زىيالىيلار بىلەن ئامما ئۇنى ئۆگىنىپ زور ئىلھام ۋە ئوزۇق ئالدى: جاھانگىرلىك بىلەن تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتىنىڭ ھەقىقىي سىرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى توغرىسىدا خېلىلا ئوبدان چۈشەنچىگە ئىگە بولدى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئالدى. نەتىجىدە پۈتكۈل ۋىلايەت خەلقى بىردەك سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، ئىچكى ئۆلكىلەردە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئۇرۇشىنىڭ ئالدىنقى سېپىگە بەش ئايروپىلان، 200 ئات، 2000 تون، قىممىتى بىرنەچچە مىڭ سەر ئالتۇنغا باراۋەر كېلىدىغان پۇل ئىئانە قىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىقى ۋە بىرلىكى يولىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پۇتكۈل مەملىكەت خەلقى بىلەن بىر نىيەتتە بولىدىغان كۆڭلىنى ئىزھار قىلدى.

ئەپسۇس، ئىگىلىكى خېلى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، مەدەنىيىتى خېلىلا ئىلگىرىلىگەن، ئىجتىمائىي، سىياسىي جەھەتتىن خېلى مۇقىم كۆن كۆرۈشكە باشلىغان ئالتاي خەلقىنىڭ بۇ ئالتۇن دەۋرى ئانچە ئۇزاققا بارمىدى. 1938 - يىلى شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ بەت - بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ، ئۆلكىمىزدىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنى سىياسىي ئەركىنلىك، دېموكراتىك ھوقۇق، مىللىي باراۋەرلىكتىن تولۇق مەھرۇم قىلدى؛ ۋەتەنپەرۋەر، تەرەققىپەرۋەر، ئادالەتنى ياقىلىغۇچى جەمئىيەت ئەربابلىرىنى پۈتۈنلەي قولغا ئالدى؛ ئىقتىسادىي جەھەتتىن تۈرلۈك - تۈمەن ئالۋان - ياساقنى بارغانسېرى كۆپەيتىپ، خەلقنى ئاچ قالغان بۆرىدەك تالاپ، رەھىمسىزلىك بىلەن ئېزىپ، كۆن كۆرگۈسىز ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى. شىنجاڭنىڭ جاي - جايلىرىدىكى خەلقنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەت ئالتاي خەلقىنىڭ بېشىغىمۇ كەلدى: جاللات شېڭ شىسەي خەلق ئىچىگە سان - ساناقسىز يوشۇرۇن تىڭ - تىڭچىلارنى ئەۋەتىپ، ئىلغار زاتلار ئۈستىدىكى نازارەتنى كۈچەيتتى؛ يالغاندىن پاكىت ئويدۇرۇپ ھەرخىل دېلولارنى ياساپ چىقتى؛ تەرەققىپەرۋەر كىشىلەردىن ئۇرۇمچىدە خوجانىياز، جاڭ شىن، ما شاۋۋۇ، بۇرھان شەھىدى، بايمۇللا قاتارلىق ئادەملەرنى قولغا ئالدى. بولسا، ئالتايدا ھەسەنباي، غوپۇر شاڭيۇ، مۇقەممەتقان داموللا، مامكەي مامىيوف، جيۇ شيۇڭخۇي، ليۇ بىڭ، سەلىم، شابدان، قەمبەر، تېمىر غالى، ئۇنىكوف، مانكەي، قالېل قاتارلىق 60 — 70 كىشىنى قولغا ئالدى. شېڭ شىسەي يەنە «موڭغۇل، قازاق، قىرغىز قوزغىلىڭى» ئاچىمىز دەپ 1939 - يىلى ئالتايدىن ئالتاي ۋىلايەتلىك ھۆكۈمەتنىڭ ۋە مۇداپىئە شتابىنىڭ باشلىقى شەرىپقاننى ۋە ئەلەن ۋاڭ، ئەبىلمەجىن گۇڭ، بۇقات بەيسى، تابىن بەيسى (موڭغۇل)، مۇقاش، دەلىلقان تەيجى، كۆكەناي تەيجى، بورانباي تەيجى، نۇرمۇقامبەت ئۇكىرداي، جولدى زالىڭ (موڭغۇل)، قازانباي قاتارلىق 40 نەچچە ئادەمنى ئۈرۈمچىگە يىغىپ، ئۇلارنى ئۇزاققىچە مىرزا قاماققا ئالدۇ ۋە شەرىپقان، ئەلەن، بۇقات، مۇقاش قاتارلىقلارنى قولغا ئالدى. مىرزا قاماققا ۋە قولغا ئېلىنغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئالتاي تەۋەسىدە قازاق خەلقىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى كاتتىلىرىدىن ئىدى. شۇ سەۋەبتىن بۇ ھال قازاق خەلقى ئىچىدە زور داۋالغۇش پەيدا قىلدى ۋە ئالتاي رايونىنىڭ ئىجتىمائىي ئامانلىقىغا زور تەسىر كۆرسەتتى.

يەنە بىر تەرەپتىن، جاللات شېڭ شىسەينىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن بىر مەزگىل ئىشقا ئاشۇرغان ئالدامچىلىق سىياستى سىياسىي جەھەتتىلا ئەمەس، ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ سىرىنى ئاشكارىلاپ، خەلق ئاممىسىنى تىرىكچىلىك قىلىش ئىنتايىن قىيىن بولغان ئېغىر كۈنگە قالدۇرىدۇ. 1937 - يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ ئۆلكىنىڭ باشقا يەرلىرىدىكىگە ئوخشاش ئالتاي ۋىلايىتىدىمۇ ئالۋان - ياساقنى بارغانسېرى ئېغىرلاشتۇرىدۇ. چۆپ ئۇچى بېجىنىڭ ئاشۇرۇلۇشى، ئالتۇن قازغۇچى ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققىنىڭ كېمەيتىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ نازارەت ئاستىدا مەجبۇرىي ئىشقا سېلىنىشى ھەم باشقا تۈرلۈك - تۈمەن ئالۋان - ياساقلار

هايات - ماماتلىق ئارىسىدا ئالتاي خەلقىنى قوزغىلىپ، قولىغا قورال ئېلىپ، ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىققا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە قىستىغان يەنە بىر ئوبيېكتىپ سەۋەب.

يۇقىرىقىدەك زۇلۇملارغا چىدىمىغان ئالتاي خەلقىنىڭ قوزغىلىپ ئۆزىگە قارشى چىقىشىدىن قورققان شېڭ شىسەي 1939 - يىل 10 - ئايدىن كېيىن خەلقنىڭ قولىدىكى قورال - ياراغنى يىغىۋېلىش ھەرىكىتىنى قوزغايدۇ، ھەتتا مال سويىدىغان پىچاقلىرىنى-مۇ تاپشۇرۇشقا زورلايدۇ. قورال - ياراغلىرىنى تاپشۇرسا، ئۇنىڭغا ئىشەنمەي، 12 - ئاينىڭ باشلىرىدا پۆتكۈل ۋىلايەتتىكى 400دىن ئارتۇق ئەل باشلىقلىرى بىلەن جامائەت ئەربابلىرىنى سارسۈمبە (ھازىرقى ئالتاي شەھىرى) گە كېلىپ، «يوشۇرۇپ قويغان» قورال - ياراغلارنى ئۆزەڭلار كېلىپ تاپشۇرۇڭلار دەپ بۇيرۇيدۇ. سارسۈمبە، بۇرچىن، قابا، جېمىنەي، بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىرىنىڭ ئەل باشلىقلىرى قۇرۇق قول بولسىمۇ ۋەدە قىلغان كۈنگە ئۈلگۈرۈپ سارسۈمبىگە كېلىدۇ. ھۆكۈمەت تەرەپ بولسا ئۇلارنى «ئۆگىنىش» كە قاتنىشىسىلەر دېگەن باھانە بىلەن توختىتىپ قويىدۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىلىرىنىڭ ئەل باشلىقلىرى «بارساق كۆرىدىغان كۈنىمىز شۇ بولىدىكەنغۇ» دەپ بارمايلا قويىدۇ. شۇ سەۋەبتىن چىڭگىل ناھىيىسىدىن ھۆكۈمەتنىڭ ئىرسىبېك، كېرىم باشلىغان 40 نەچچە ئەسكىرى خەلق ئارىسىغا كېلىپ، بايانباي، بايقادام، ساقساباي قاتارلىق ئادەملەرنى ئارقا - ئارقىدىن قولغا ئالىدۇ. پۆتكۈل ئالتاي خەلقى ئارىسىدا زور ئىناۋەتكە ئىگە ئىككى ئۆلىمانىڭ بىرى ھېسابلىنىدىغان ئاقىت ئۆلىمجى ئوغلىنى كۆكتوقاي ناھىيىسىدىن تۇتقۇن قىلىپ، مەسچىتكە ئوت قويۇپ، قۇرئان - كىتابلىرىنى يىرتىپ - چەيلەيدۇ. سارسۈمبە، بۇرۇلتوقاي، بۇرچىن، قابا، جېمىنەي ناھىيىلىرىدىن قۇبىجاپ، قاراغۇل، ئۆنەرقان قاتارلىق ئەل باشلىقلىرىنى زىندانغا تاشلايدۇ. ئەنە شۇ تەرىقىدە خەلقنىڭ بېشىغا خەۋپلىك كۈنلەر كېلىدۇ، پۈتكۈل ئەل قايغۇ - ئەلەمگە قالىدۇ. كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى شۇ ئېرلىن، قورال يىغىش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى خەن چىڭلىن، كۆكتوقاي ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى كېرىم باشچىلىقىدا ئون نەچچە ئادەم ئۆلۈڭگۈر دەرياسى بويىدىكى جايلارغا كېلىپ، ئالدى بىلەن قارابۇلغۇندىكى مەكتەپتە مەجلىس ئېچىپ، «يوشۇرۇپ قويغان» قورال - ياراغلارنى تاپشۇرۇش ھەققىدە نەسىھەت قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاقتېكە، ئېسىمقان قاتارلىق 30 نەچچە يۇرت چوڭىغا ئۈچ - تۆت كۈندىن قالماي سارسۈمبىدە ئېچىلىدىغان قورال يىغىش بويىچە 2 - نۆۋەتلىك مەجلىسكە قاتنىشىشنى بۇيرۇيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قاپچىغايغا كېلىپ، سايىپ قالىپ ئوغلىنى تۇتۇپ ئەكېتىشكە سارنوغايغا قوشۇپ ئىككى ئەسكەر ئەۋەتىدۇ. بۇ چاغدا ئېسىمقان ئوكىرداي بىرنەچچە ئوغلىنى، ئوقان، شاغالاق، ئېگىسەگېن قاتارلىق دوست-يارەنلىرىنى چاقىرىپ:

— بۇ دۆرەم سارسۈمبىگە مەجلىسكە بارساق قايتىپ كېلەلمەسلىكىمىز مۇمكىن، بارماسلىق بىزنىڭ ئىختىيارىمىزدىكى ئىش ئەمەس. شۇنداق ئىكەن، ئەمدى قالغىنى بىرلا يول — يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم. سىلەرگە ماقۇل كەلسە، بۈگۈن كېچە تەۋەككۇلگە بەل باغلاپ

www.uyghurkitap.com



ئاۋۇلار (ئوقاننىڭ ئۆيىگە چۈشكەن ھۆكۈمەت ئادەملىرىنى دېمەكچى) نى كۆزدىن يوقىتايلى ـ دە قوزغىلىپ كۈرەش قىلايلى — دەيدۇ.

مۇشۇ قارارغا كەلگەن بۇلار ئاز كەم 20 ئادەم بولۇپ تەشكىللىنىپ، 1940 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى تۈندە ئوقاننىڭ ئۆيىگە ئىشىك ـ دېرىزىدىن بىردىنلا ئېتىلىپ كىرىپ، ھاكىم باشلىق 11 ئادەمنى ئۇخلاپ ياتقان يېرىدىلا ئۆلتۈرۈپ قوراللىرىنى تارتىۋالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يوقىرى ـ تۆۋەن ھەممە تەرەپكە ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇنداق تەۋەككۈلگە بەل باغلىغانلىقلىرىنى ئېيتىپ خەت يېزىپ ئادەم ئەۋەتىدۇ. بۇ دەل ئاقتېكە سارسۇمبىگە ئاتلانماقچى بولۇپ تۇرغان، ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرى ئۇزىتىمىز دەپ كېلىپ ئىككى كۈندىن بۇيان ئۇنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇپ تۇرغان ۋاقىت ئىدى. ئاقتېكىلەر ئېسىمقاننىڭ خېتىنى ئالغاندىن كېيىن:

— بۇلار ئىش بوپتۇ، ئەمدىكى مەسىلە كۆپ بولۇپ بىرلىشىپ، بەربىر بولىدىغان ھايات ـ ماماتلىق كۈرەشكە دەرھال تەييارلىنايلى، — دېگەن قارارغا كېلىدۇ. دەل مۇشۇ پەيتتە ئاقتېكىنىڭ ئۆيىگە قالىبنىڭ 4 ـ ئوغلى قازىر كېلىدۇ. ئۇ: تونۇگۈندىن بېرى ئاۋۇلىمىزغا سارنوغاي (ھەقىقىي ئىسمى مۇقەممەتقالى، تاتار بولغانلىقتىن جامائەتچىلىك ئۇنى سېرىق نوغاي دەپ ئادەتلىنىپ قالغان — ت) باشلىق ئۈچ ئەسكەر كېلىپ ياتىدۇ. ئىگەرلەنگەن بىر ئېتى بار، سايىپنى ئىزدەيدىكەن، مېنى ئۇنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى، — دەيدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئاقتېكە، قابى بىلەن سايىپ سارنوغاينىڭ نېمە ئىش بىلەن يۈرگەنلىكىنى دەرھال پەملەيدۇ ـ دە ئاۋۇلغا كېلىدۇ. ھېلىقى «مېھمانلار»

مىلتىقلىرىنى كىگىز ئۆينىڭ ياغىچىغا ئېلىپ قويۇپ، ئاتلىرىغا چۆپ سېلىپ بېرىپ، بىخارامان يۈرگەندە كەلگەنلەر ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى قولغا چۈشۈرىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنى تۇتۇۋېلىپ جەھەننەمگە يولغا سالىدۇ.

دېمەك، ئالتاي خەلقىنىڭ شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىگە قارشى كۆتۈرگەن تۇنجى قوراللىق قوزغىلىڭى ئەنە شۇ تەرىقىدە باشلىنىدۇ. خەلقنىڭ بۇ قوزغىلىڭى توققۇز ئاي داۋام قىلىدۇ. توققۇز ئاي ئىچىدە سان ـ ساناقسىز جەڭ بولىدۇ. شىڭ شىسەي جاللاتلىرى 4000 دىن ئارتۇق ئاتلىق، پىيادە ئەسكىرىنى ئىشقا سالغاندىن باشقا، بىرقانچە تانكا، برونوۋىك، مىنامىيوت ـ زەمبىرەكلىرىنىمۇ ئىشقا سالىدۇ. ھەر كۈنى 3 ـ 4 قېتىم، ھەر قېتىمدا 4 ـ 5، كۆپ بولغاندا 7 ئايروپىلان كېلىپ، پىلىموت بىلەن ئوققا تۇتىدۇ، بومبا تاشلايدۇ، لېكىن خەلق قوزغىلاڭچىلىرى چىڭ تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىپ، دۈشمەننىڭ نۇرغۇن ئەسكىرىنى يەر چىشلىتىدۇ، نۇرغۇن قورال ـ ياراغ ئولجا ئالىدۇ. ئۆز قاتارىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، دۈشمەننى ئىلگىرىلىيەلمەس قىلىپ قويىدۇ. جەڭ راسا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەندە قوچاقلاشما جەڭگە ئايلىنىدۇ، دۈشمەن مىلتىقلىرىنى ئىشقا سالالماي، نەيزە ـ قىلىچ ئىشلەتسە، قوزغىلاڭچىلار سويىل، كالتەك ـ چوماق ئىشلىتىدۇ ۋە دۈشمەنگە ئەجەللىك زەربە بېرىپ ئۇلارنى ھالسىرىتىدۇ.

لېكىن قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئىچىدىكى كۆكسېگىن دېگەن كىشىنىڭ ماڭا مەسئۇل كىشىلەر قاتارىدىن ئورۇن بەرمىدى دەپ خاپا بولۇپ، 400 ئادىمىنىڭ نەق يېرىمىنى

ئەگەشتۈرۈپ يۇرتىغا قايتىپ كېتىشى، قابىسەمەت دېگەن بىرسىنىڭ قىچىپ ھۆكۈمەت تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشى كەڭ جامائەت ئىچىدە بىرمەزگىل تەۋرىنىش پەيدا قىلىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئىرىسقان، ئىسمقان، سۇلايمان باشچىلىقىدىكى كۆپچىلىك مەۋقەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىشەندۈرۈش ئارقىلىق ئامىمىنى پېتىرىتىۋەتمەي ئامان - ئېسەن باشلاپ ماڭىدۇ. 7 - ئاينىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، قوزغىلاڭچىلار باشلىقلىرى يەنە بۆلۈنۈپ جامائەت ئىچىگە بېرىپ، سەپەرۋەرلىك، تەشۋىقات خىزمىتى ئىشلەيدۇ. ئۇزاققا بارماي ئەدىلقان، مۆمىنباي باشچىلىقىدىكى ئارال خەلقىمۇ، كۆكسېگىن، ۋاتقان باشچىلىقىدىكى چىڭگىل خەلقىمۇ قوزغىلاڭچىلار تەرەپكە ئۆتىدۇ. مۇشۇنداق مۇشكۇل پەيتتە ئوسمانمۇ كېلىپ قوشۇلۇپ قوزغىلاڭغا باشتىن - ئاخىر تولۇق قاتنىشىدۇ ۋە ئۆز ھەسسىسىنى قوشىدۇ. مەسىلەن: 1940 - يىل 7 - ئايدا ئوسمان 40 تەك ئادەمنى باشلاپ ئۆرئالتايدىكى جاپسار يايلىقى ئارقىلىق ئېرتىش دەرياسى بويىغا كېلىپ، دەريادىن سال بىلەن ئۆتۈپ، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ كۆكتوقاي ناھىيىسىگە قاراشلىق كۆرتى دېگەن جايدىكى بىر پوچتا پونكىتىغا ھۇجۇم قىلىدۇ ۋە ئۇن نەچچە ئەسكەرنى تولۇق يوقىتىپ پونكىتنى ئىشغال قىلىدۇ. دەل مۇشۇ چاغدا سارسۇمبىدىن كۆكتوقاي بازىرىغا كېلىۋاتقان ئىككى پوچتالىيون ئۇلارنىڭ ئۇستىگە كېلىپ قالىدۇ. ئوسمان ئۇلارنى سوراق قىلغاندا ئۇلار ئارقا تەرەپتىن بىر ئىززۇۋت ئەسكەرنىڭ مۇھاپىزىتىدە شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ 200 تۆگىگە ئارتقان ھەربىي تەمىناتى (بۇنىڭ ئىچىدە 10 تۆگىگە ئارتىلغىنى ئوق - دورا) كېلىۋاتقانلىقىنى ئىقرار قىلىدۇ. ئوسمان دەرھال ئادەملىرىنى باشلاپ ئەپلىك جايدا پېستىرما قۇرۇپ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، بىر ئىززۇۋت ئەسكەرنى تامامەن يوقىتىپ، 200 تۆگىگە ئارتىلغان بارلىق نەشيانى ئولجا ئالىدۇ. ئوسماننىڭ بۇ غەلبىسى خەلق ئىچىگە كەڭ تارقىلىپ ماختاشقا سازاۋەر بولىدۇ.

7 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تولۇق تەييارلىق بىلەن قوزغىلاڭچىلارغا يەردىنمۇ، ھاۋادىنمۇ توختىماي ھۇجۇم قىلىدۇ. قايىرتى، ئاستاۋشا، ئالائايغىر، سايقىتبۇلاق، تارشاتى، ئاشلى، كۆكتۇمشۇق، شىقىنتى، تابىنبىلىسىرغا ئوخشاش ئۇن نەچچە يەردە جەڭ بولىدۇ. بۇ جەڭلەرنىڭ ھەممىسىدە شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرى پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىپ مەغلۇپ بولۇۋېرىدۇ. شۇ جەڭلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ ھەل قىلغۇچ ئامىللاردىن بولغان تارشاتى، ئاشلى، شىقىنتى جەڭلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇش زۆرۈر.

تارشاتى جېڭى: شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 8 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە تولۇق بىر تۈمەن ئەسكىرىي كۈچ بىلەن قوزغىغان چوڭ كۆلەملىك ئۇرۇش. دۈشمەن سۇلايمان باتۇر باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ توسۇپ زەربە بېرىشى ئارقىسىدا بارغانسېرى پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىپ، ئاخىرى ئۆلۈكلىرىنى تاشلاپ، يارىدارلىرىنى سۆرىگەن پېتى چېكىنىدۇ. قوزغىلاڭچىلار دۈشمەننىڭ 200 دىن كۆپرەك ئادىمىنى يوقىتىپ، 150 تەك قورال - يارىغىنى غەنىيمەت ئالىدۇ.

ئاشلى جېڭى: تارشاتىدىكى جەڭ غەلىبىسىدىن ئىلھام ۋە مەدەت ئالغان قوزغىلاڭچىلار چېكىنگەن دۈشمەنگە توختىماي قوغلاپ زەربە بېرىدۇ، دۈشمەننىڭ 100دىن ئارتۇق ئەسكىرىنى يوقىتىپ، 100چە قورال - ياراغنى غەنىيمەت ئالىدۇ.

شىقىنتى جېڭى: 8 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى يەنە بىر قېتىم سىناپ بېقىش مەقسىتىدە 200 كىشىلىك ئەسكىرىي كۈچى بىلەن قوزغىلاڭچىلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ. ئالدىن خەۋەر تاپقان قوزغىلاڭچىلار دۈشمەن جەزمەن بېسىپ ئۆتىدىغان شىقىنتىدا بۆكتۈرمىدە يېتىپ، دۈشمەن دائىرىگە كىرگەندە ئالدى - ئارقىدىن توسۇپ قاتتىق زەربە بېرىدۇ، نەتىجىدە دۈشمەن بەرداشلىق بېرەلمەي، ئۆلۈك ۋە يارىدارلىرىنى تاشلاپ كۆكتوقايغا قاراپ قاچىدۇ. بۇ قېتىمقى جەڭدە دۈشمەن 300چە ئادىمىدىن، بارلىق مىلتىقى بىلەن ئاتلىرىدىن، 200دىن ئارتۇق تۆگىسىدىن، 100 ساندۇق ئوقىدىن ۋە نۇرغۇن ئوزۇق - تۈلۈكىدىن ئايرىلىدۇ. بۇ ئۈچ قېتىملىق جەڭدە سۇلايمان باشلىقلا ئەمەس، ئاددىي جەڭچى سۈپىتىدە قالتىس جاسارەت كۆرسىتىپ، رەھبەرلىك جەھەتتىمۇ، ئەر يۈرەك باتۇرلۇقى جەھەتتىمۇ تازا كۆزگە كۆرۈنىدۇ. شۇنداق قىلىپ 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئىسىمقان، سۇلايمان، سايىپ باشلىغان كۆكتوقاي قوزغىلاڭچىلىرى كۆكتوقاي بازىرىنى قورشاۋغا ئېلىپ غەرب تەرەپتىن، ئىرىسقان باشلىغان چىڭگىل قوزغىلاڭچىلىرى شەرق تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشقا ئاتلىنىدۇ.

شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى پەقەت ئۇرۇش بىلەنلا مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتىمۇ، قوزغىلاڭچىلارغا ئايروپىلان ئارقىلىق تەشۋىقات ۋەرەقىسى تاشلاپ، سۈلھى قىلىپ بىتىم تۈزۈش تەكلىپىنى بېرىدۇ، شۇنداقلا بۇقات، جانىمقان، راقات، شارى قاتارلىق كىشىلەرنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىدىغانلىقىنى، نېمە تەلىپى بولسا شۇلار ئارقىلىق ئېيتىشقا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. قىش يېتىپ كېلىۋاتقانلىقى، قىشتا ئەركىن ھەرىكەت قىلىشقا تېخىمۇ قىيىن بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان ئىرىسقان، ئىسىمقان، سۇلايمانلار قارشى تەرەپنىڭ سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلغىنىنى لايىق تېپىپ، بۇقاتلارنىڭ ئۆزلىرى تۇرغان يەرگە كېلىشىگە ماقۇل بولىدۇ ۋە قالىبىل، دەلىلقان، نازىرلارنىمۇ قوزغىلاڭچىلارنىڭ تەلىپى بويىچە ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىدىن ئەكەلتۈرىدۇ. شىڭ شىسەينىڭ قېيىنئاتىسى چيۇ زۇڭجۈن باش ۋەكىل بولىدۇ. 10 - ئاينىڭ باشلىرىدا بىتىم سۆھبىتى باشلىنىپ 18 - كۈنى كېلىشىم ئىمزالىنىدۇ. قوزغىلاڭچىلار ھە دېگەندە قورال - ياراغلىرىنى تاپشۇرماسلىق، ساقچى ئىدارىلىرىنى بىكار قىلىش، يەرلىك خەلقلەرگە ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى بېرىش قاتارلىق چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، بىرنەچچە كۈن قايتا - قايتا كېڭىشىش ئارقىلىق مۇنداق ئالتە ماددىلىق بىتىم ھاسىل قىلىنىدۇ:

1. بۇ قېتىم قوزغىلاڭغا قاتناشقانلاردىن ھېچقاچان، ھېچقانداق جاۋابكارلىق سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ؛

2. تۈرمىگە قامالغان بارلىق ئادەملەر قويۇپ بېرىلىدۇ؛

3. ۋىلايەت، ناھىيە باشلىقلىرىغا ۋە ۋىلايەتلىك ئىدارىلەرنىڭ ئاساسلىق ئورۇنلىرىغا يەرلىك خەلقلەردىن ئادەم قويۇلىدۇ؛

4. كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىلىرىدىكى ساقچى ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقى ياكى مۇئاۋىن باشلىقى يەرلىك خەلقتىن بولىدۇ؛

5. قوزغىلاڭچىلار قولىدىكى قوراللىرىنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ؛ ئۇنىڭ ھېسابىغا ھۆكۈمەت ۋىلايەت مەركىزىدىلا مەلۇم ئەسكەر تۇرغۇزغاندىن باشقا، ئۆزگە ناھىيىلەردە خۇسۇسەن كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىلىرىدە ئەسكەر تۇرغۇزمايدۇ؛

6. خەلقتىن ئېلىنغان ئالۋان - سېلىق يېنىكلىتىلىدۇ ۋە بۇ قېتىم قوزغىلاڭ جەريانىدا قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان خەلققە ھۆكۈمەت ياردەم بېرىپ قۇتقۇزىدۇ.

دېمەك، ئالتاي خەلقىنىڭ شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە قارشى 1940 - يىلدىكى تۇنجى خەلق قوراللىق قوزغىلىڭى، ئومۇمەن ئېيتقاندا، مۇشۇنداق غەلىبە بىلەن ئاياغلىشىدۇ.

## 2. 1941 - يىلدىكى 2 - قېتىملىق خەلق قوراللىق قوزغىلىڭى

ئالتە ماددىلىق بىتىمنىڭ بەزىلىرى خېلىلا ئىجرا قىلىنغاندەك قىلغىنى بىلەن بەزىلىرى چالا - پۇچۇق ئىجرا قىلىنىدۇ، تولىسى ئىجرا قىلىنمايدۇ ياكى دەسلەپتە ئىجرا قىلىنغاندەك قىلغىنى بىلەن كېيىن يەنە ئەسلىدىكىدەك بولۇپ قالىدۇ. «تۈرمىگە قامالغان بارلىق ئادەملەر قويۇپ بېرىلىدۇ» دېگەن 2 - ماددىنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ — ۋىلايەت بويىچە مىلتىق تاپشۇرۇش يىغىنىغا قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن يىل بېشىدا سارسۇمبىگە يىغىۋېلىپ مىرزا قاماققا ئالغان 300چە ئادەمنى، 1939 - يىلى موڭغۇل - قازاق - قىرغىز قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ كەلگەنلەردىن رەسمىي قولغا ئېلىنغانلارنىڭ بىرنەچچىسىنىلا قويۇۋېتىدۇ. بايانباي، بايقادام قاتارلىق كىشىلەرنىڭ جەسىدىنى بېرىدۇ. شەرپىقان، مانكەيگە ئوخشاش 70 - 80 ئادەمنى بىتىم ئىمزالىنىپ بىر يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ قويۇۋەتمەيدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆلۈك - تىرىكلىكىدىنمۇ دېرەك بەرمەيدۇ. ئەكسىچە، جايلاردىن بىر - بىرلەپ ئادەم تۇتۇشنى يەنە باشلايدۇ. بىتىمنىڭ 3 -، 4 - ماددىلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا كەلسەك، بۇقاتىنى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا، جانىمقان بىلەن تابىندى (موڭغۇل) نى مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا، دەلىلقان سۇگۇربايوفنى سارسۇمبە ناھىيىسىنىڭ، راقاتىنى كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ، كۆكسېگېننى چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىملىقىغا، نازىرنى ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، كادىرباي بىلەن قايىمنى كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەپلا جىمىپ قالىدۇ. قالغان ناھىيىلەرگە، ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك باشقا ئورگانلارغا يەرلىك خەلقلەردىن ئادەم قويۇشنى قايرىپ قويىدۇ. خەلق ئىچىدىكى تىڭ - تىڭلاش ھەرىكىتى سەل پەسەيگەندەك بولۇپلا يەنە ئەسلىگە كېلىدۇ. ئالۋان - سېلىقنى يەڭگىللىتىش، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش دەيدىغان 6 - ماددىدىن ھېچقانداق سادا چىقمايدۇ. ۋىلايەت دائىرىسىدە تۇرىدىغان ھەربىي بۆلۈملەر 5 - ماددىدىكى بەلگىلىمە بويىچە خېلىلا ئازايتىلغان، كۆكتوقاي،

www.uyghurkitap.com



چىڭگىل ناھىيىلىرىدىكى ھەربىي بۆلۈملەر 1940 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرى ئېلىپ كېتىلگەن بولسىمۇ، 1941 - يىل 4 - ئايدىن باشلاپ كۆكتوقايغا 300، چىڭگىلگە 200 «ئالتۇن قازغۇچى» دېيىلىدىغانلار كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ. كىشىلەر «ئالتە ماددىلىق بىتىم نېمە ئۈچۈن تولۇق ئىجرا قىلىنمايدۇ» دەپ ھەرخىل خىياللاردا بولۇپ يۈرگەندە، بىرەر ئاي ئۆتمەيلا يەنە كۆكتوقايغا 400، چىڭگىلگە 200 «ئالتۇن قازغۇچى» كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ، ئىككى ناھىيىگە ئىككى قېتىمدا كەلگەن ئادەم 1100دىن ئاشىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ماشىنا - ماشىنىلاپ توشۇۋاتقىنى جوتۇ، لوم، تۆمۈر، گۈرجەك ئەمەس، پىلىموت، بەشئاتار قاتارلىق قورال - ياراغ ئىكەنلىكىنى كۆكتوقاي ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى كادىرباي سېزىپ قېلىپ، ئۇنى ھاكىم راقاتقا ئېيتىدۇ. ئارىدىن ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتمەي كادىرباي تۇيۇقسىز يوقاپ كېتىدۇ. راقات سورىسا ساقچى ئىدارىسىنىڭ كاتىپى (خەنزۇ) يېزىدىكى ئۆيىگە كەتكەنىدى، تېخى كەلمىدى، دەيدۇ. ئۆيىگە ئادەم ئەۋەتسە، ئۆيىگە كەلمىگەن بولۇپ چىقىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا كادىرباينىڭ «ئالتۇنچىلار»نى سېزىپ قالغانلىقىنى بىلىپ قېلىپ ئۇنى ۋىلايەتكە ئەۋەتىۋەتكەنىدى. كادىرباينى ئىزدەشتۈرگەن كۈنى كەچتە سەككىز ئەسكەر ھاكىم ئىدارىسىدىكى راقاتنىڭ ياتىقىغا كىرىپ ئۇنى تاپالماي، خىزمەتچىسىنى تۇتۇپ كېتىدۇ. ئەتىسى راقات كېلىپ ئەھۋالنى بىلىدۇ - دە شۇ كۈنىلا بالا - چاقىسىنى ئېلىپ يايلاۋغا قېچىپ كېتىدۇ ۋە بولغان ئىشنى قالىبىل باشچىلىقىدىكى ئادەملەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ.

قالىبىل، ئىسمىقان، سۇلايمان، زەينۇل، قالمان، شارىبلار مەسلىھەتلىشىپ، «ھۆكۈمەت بۇلتۇرقى بىتىمنى ئىجرا قىلىش ئورنىغا ئۇنى يىرتىۋېتىپ ئۆچ ئېلىشقا كىرىشىپتۇ، ئەمدى قاراپ ياتمايلى» دېگەن قارارغا كېلىدۇ. ئۇلار شۇنداق دېيىشىپ تۇرغان چاغدا 200دەك «ئالتۇنچى»: «راقات ھاكىم بىلەن كادىرباي جويجاڭ يوقاپ كەتتى، شۇلارنى ئىزدەپ يۈرۈۋاتىمىز» دېگەن باھانە بىلەن چارۋىچىلار ئارىسىغا كېلىپ، سۈرتى دېگەن يەردە تۇرۇشلۇق 20 نەچچە ئۆينىڭ مېلىنى بۇلاپ، تۆت ئادىمىنى تۇتۇپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان سۇلايمان بىلەن كېلىس بىرنەچچە ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ ئارقىدىن قوغلاپ بېرىپ، «ئالتۇنچىلار»نىڭ بەش ئادىمىنى ئېتىۋېتىپ، ئۇلار تۇتۇپ كەتكەن تۆت ئادەم بىلەن ئازكەم 30 يىلقىسىنى قايتۇرۇۋالىدۇ. شۇنداق قىلىپ 1941 - يىل 6 - ئايدا 2 - قېتىملىق خەلق قوراللىق قوزغىلىڭى پارتلايدۇ. قوزغىلاڭغا كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ خەلقى تولۇق ئاۋاز قوشىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قالىبىل چىڭگىلنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى كۆكسېگېنگە (ئىرىسقان بۇلتۇر قىشتا ۋاپات بولغان) «ھۆكۈمەت ۋەدىسىدە تۇرمىدى، بىز يېڭىۋاشتىن قوزغالدۇق، سىلەرمۇ قوشۇلۇڭلار» دەپ خەت ئەۋەتىدۇ. ئۇلار خەتنى ئالغان ھامانلا قوشۇلىدۇ.

2 - قېتىملىق خەلق قوراللىق قوزغىلىڭى يۈز بەرگەندىن كېيىن، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى يەنە چيۇ زوڭجۈننى ئەۋەتىدۇ. ئۇ ئالداپ قولغا چۈشۈرۈشنىڭ ئامالىنى قىلىپ، قوزغىلاڭچىلار تەرەپكە قايتا - قايتا «ۋەكىل» ئەۋەتىپ، ئۇلارنى سۆھبەتكە «چاقىرىدۇ».

1 ـ قېتىم 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنلىرىدە ئېبلەجىن گوڭ، قابىل تەيجى، مامىلە زەڭگىلەرنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىپ: «قانداق پىكىر ـ تەلەپلەر بولسىمۇ ئېيتىڭلار، قىسقىسى قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرمەڭلار» دېگەننى ئۇقتۇرىدۇ.

— باشقا پىكىر ـ تەلىپىمىز يوق. بۇلتۇرقى كېلىشىم تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، نەتىجىسى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىلسۇن، ئۇنىڭغا كۆنمىسە يولىمىزدىن قايتمايمىز، — دەپ جاۋاب بېرىپ قايتۇرىدۇ قالبىل.

2 ـ قېتىم 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جانىمقان، قاجىنابى، قاقىشلارنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ قالبىل، ئىسمىقان، سۇلايمان، زەينەل، راقات، قالمان، شارى قاتارلىق ئون نەچچە باشلىقىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ، ئۇلارنى سارسۇمبىدە، ھېچ بولمىغاندا كۆكتوقاي بازىرىدا سۆزلىشىپ بىتىم تۈزۈشكە چاقىرىدۇ. بۇنىڭ بىر تۈرلۈك قەست ئىكەنلىكىنى بىلگەن قالبىللار شەھەرگە بېرىشتىن قەتئىي باش تارتىپ:

— سۆھبەتلىشىش راست زۆرۈر بولسا، چيۇ زۇڭجۇن ئۆزى بىز تۇرغان يەرگە كەلسۇن، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

3 ـ قېتىم 9 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا چيۇ زۇڭجۇن بۇقاتنى باشلاپ سارسۇمبىدىن كۆكتوقاي بازىرىغا بارىدۇ. گەنسۇ، چىڭخەي تەرەپتىن ئەمدىلا قايتىپ كەلگەن دەلىلقان سۇگۇربايوفنى ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىدىن بىۋاستە كۆكتوقايغا ئالدۇرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇقاتقا: ھۆكۈمەت كۈچلۈك، ھېچنېمە قىلالمايسىلەر، قوراللىرىڭلارنى تاشلاپ تەسلىم بولۇڭلار، ھۆكۈمەت بۇ قېتىمقى ئىشىڭلارنىمۇ كەچۈرىدۇ، دېگەن مەزمۇندا خەت يېزىپ دەلىلقاننى ئەۋەتىدۇ. قالبىللار: ھۆكۈمەتنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقمايدىغانلىقىنى، چۈنكى بۇرۇنمۇ ئۇلار بىلەن ئېلىشىپ باققانلىقىنى، ئېبلەجىنلەر ئارقىلىق بەرگەن جاۋابلىرى ئىشقا ئاشۇرۇلسا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى توختىتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇنى يولغا سالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈمەت ۋەكىل ئەۋەتىشنى توختىتىدۇ، چۈنكى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئەلچىلەرنىڭ ئۈچ قېتىم بېرىپ قايتقىنىغا كەتكەن ئۈچ ئاي ۋاقىت ئىچىدە كۆكتوقايغا 4000 ئەسكەر (بەزىلەر 6000 دەيدۇ) يۆتكەپ ئۇرۇشقا تەييارلىنىپ بولىدۇ. چيۇ زۇڭجۇن بۇقات بىلەن دەلىلقاننى ئەگەشتۈرۈپ ئايروپىلان بىلەن ئالتايغا قايتىدۇ. دە تۆت تۆەن ئەسكەرنى بىراقلا ئاتلاندۇرۇپ ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئادىمى جىق بولغىنى بىلەن قورالى 100دىن ئاشمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ناچار ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، جېبېتى، شىقىنتى، قۇۋئۈي، تارشاتى، سايقىنبۇلاق، ئالائايغىر قاتارلىق يەرلەردە بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئالتە قېتىم قاتتىق جەڭ بولىدۇ. شېڭ شىسەينىڭ 4000 كىشىلىك قوشۇنى يەر بېغىرلاپ ھۇجۇم قىلىپلا قالماستىن، كۈنىگە ئاز دېگەندە 3 ـ 4 قېتىم، ھەر قېتىمدا 4 ـ 5 ئايروپىلان ئەۋەتىپ، بومبا تاشلاپ، پىلىموت بىلەن ئوق ياغدۇرۇپ تۇرىدۇ. قوزغىلاڭچىلار ئالدىنقى ئۈچ قېتىملىق جەڭدە دۈشمەننى نەچچە رەت چېكىندۈرۈپ، ئازكەم 100 قورالنى غەنىيمەت ئالىدۇ. تۆتىنچى قېتىملىق جەڭدە باتۇر سۇلايمانغا ئوق تېگىپ قۇربان بولىدۇ، بۇنىڭ تەسىرىدە ئامىمىنىڭ قايغۇسى ئېشىپ، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ

چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان قېرى - چۈرى، خوتۇن - بالىلار ئالدىدا دۈشمەننىڭ ھۇجۇمى، ئارقىسىدا يېغىپ كەتكەن قېلىن قار دەستىدىن زور قىيىنچىلىقتا دۇچ كېلىدۇ. دە قوزغىلاڭچىلارنىڭ زور كۆپچىلىكى دۈشمەنگە يېقىنىپ كۆكەبۇلاق بىلەن ساربۇلاقتا كۆچۈپ كېلىدۇ. قالىبېل، راقات، ئېسمىقان، زەينەل، شارى، قالمانلار باشلىغان 300چە كىشى كۈرتىنىڭ باش تەرىپىدىكى تاغقا قېچىپ كېتىدۇ. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، چيۇ زۇڭجۈن جانىمقاننى ۋەكىل قىلىپ قالىبېللەرگە ئەۋەتىدۇ. جانىمقان: «قوراللىرىڭلارنى تاپشۇرۇپ، ئۆيۈڭلەرگە قايتىڭلار، سىلەرگە ھېچقانداق جازا كەلمەيدۇ، بولتۇرقى كېلىشىممۇ ئىشقا ئاشۇرۇلۇۋېرىدۇ. مەن — ئاغزىمدا خۇدا، قولۇمدا قۇرئان بار ھاجىمەن. بۇنىڭ ھەممىسىنىڭ راستلىقىغا قەسەم ئىچىپ بېرىمەن» دەيدۇ. شۇنداق بولغاچقا، قالىبېللەر تەسلىم بولۇپ كۆكەبۇلاقتىكى ئاۋۇلىغا كېلىدۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن جانىمقان: «كۆكەبۇلاق يېنىدىكى قاراتاش دېگەن يەردە مۇھىم مەجلىس ئېچىلىدۇ، بارلىق ئەل باشلىقلىرى شۇ يەرگە يىغىلسۇن» دەپ ئادەم ئەۋەتىدۇ. قالىبېل باشچىلىقىدا ئازكەم 40 ئادەم كېلىدۇ. جانىمقان ئالدى بىلەن مەجلىسكە كەلگەنلەرگە «شېڭ دۇبەن ئاتىمىزنىڭ سالىمى» دەپ بەزى «ياخشى» سۆزلەرنى قىلىپ، ئادەملەرنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىپ بولغاندىن كېيىن: «سارسۈمبىگە بېرىپ دوستۇڭلار چيۇ زۇڭجۈن بىلەن ئامانلىشىپ قايتىڭلار» دەپ قالىبېل باشچىلىقىدىكى 13 ئادەمنى سارسۈمبىگە كەلتۈرىدۇ. بۇ يەردە چيۇ زۇڭجۈنمۇ چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىنىندۇرغاندىن كېيىن: «مەن سىلەرنى دۇبەن ئاتاڭلار بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ يۈزۈڭلارنى يورۇق قىلىپ قايتۇرماقچىمەن. بۇقات بىلەن دەلىلقانمۇ بىللە بېرىپ قايتىدۇ» دەپ ئۇقتۇرىدۇ. شۇنىڭدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ دەلىلقاندىن باشقا (ئۇ بىردىنلا يوقاپ كېتىدۇ) بۇقات، قالىبېل، راقات، زەينەل، شارى، قالمان، كارىپباي، قاقىش، ئىبرايىقان، ناقىشتاي، قالىم، قۇمارلار ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئايرودرومدىلا قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلىنىدۇ. بۇلاردىن تۈرمىدە ئەمگەك قىلىپ يۈرگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قېچىپ چىققان قالمان بىلەن ئالتايدىكى 3 - قېتىملىق قوزغىلاڭ مەزگىلىدە شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ بېرىپ ئامان قالغان شارى، قاقىش، قالىم، ئىبرايىمقاندىن باشقىسى تۈرمىدە قازا قىلىدۇ. كېيىنكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇ ئادەملەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ چوڭ جىنايەتچى ئاتىلىپ سوراقتا تارتىلغانلار بۇقات مامىيېف، قالىبېل بىتىمشى ئوغلى، ئېسمىقان، راقات، قالىبېل، زەينەل بولغان.

بۇقات نېمە ئۈچۈن قالىبېللەر بىلەن بىرگە تۇتقۇن قىلىنىدۇ؟ دەلىلقان ئاياق ئاستىدىن قانداقسىگە يوقاپ كېتىدۇ؟ بۇ ھەقتە ئىككى ئېغىز گەپ قىلىش ئارتۇقلۇق قىلماس:

كۆكتوقاي بىلەن چىڭگىلگە «ئالتۇنچى» ئەۋەتىشتىكى مەقسەت ئېنىق بولغاچقا، بۇ سىرنىڭ ئاشكارىلىنىشى بىلەن يەنە بىر قېتىم «توپىلاڭ» كېلىپ چىقىشى مۇمكىن دەپ قارىغان شېڭ شىسەي 1941 - يىل 4 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆزلىرى ئالتاي ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ باشلىقى قىلىپ

تەيىنلىگەن بۇقاتنى ئۈرۈمچىگە ئەكىلىپ: «سەن ئالتاي ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ باشلىقى بولغاندىن بېرى ياخشى ئىشلىدىڭ، مەن سېنىڭدىن رازى» دەپ ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ كۈتىدۇ ۋە تېخىچە تۈرمىدە ياتقان كىچىك دادىسى شەمشى، بىر تۇغقان ئىنىسى ئەنۋەر، قېيىنئاتىسى قابىلداي، قېيىنئاغىسى مۇقاش، بالدىزلىرى مانكەي بىلەن ماقاتنى تۈرمىدىن چىقىرىدۇ. شەمشى، مۇقاش، ئەنۋەرنى ئۈرۈمچىدە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرىدىغان بولىدۇ، بۇنىڭ سىرتىدا ئۆزىگە بىر چوڭ ئاپتوموبىل، ھۆكۈمەت ھېسابىدا ئۆزىنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن بىر پىكاپ بېرىدۇ ۋە بۇنىڭ بەدىلى ھېسابىدا: «ئالتايدا بۇنىڭدىن كېيىن بۇلتۇرقىدەك ۋەقە- توپىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ يۈرمەسلىكىنى ساڭا تاپشۇرىمەن» دەيدۇ.

شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى «ئالتاي قازاقلىرى ئىچىدە ناھايىتى ئابرويلۇق ئىككى ئادەم بار. بىرى شەرىپقان، ئۇ ھازىر قولىمىزدا؛ يەنە بىرى بۇقات. بۇقاتنىڭ رولى ئەلەن ۋاڭنىڭكىدىن چوڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ھازىر ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ باشلىقى، ئەمدى ئالتايدا ۋەقە يۈز بېرىش - بەرمەسلىكى بۇقاتقا بىۋاستە باغلىق. دېمەك، ئۇنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي ھېچكىم شىلتىڭ ئېتەلمەيدۇ» دەپ قارايدۇ. كېيىن يەنە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ قېلىۋىدى، شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بۇ ۋەقەنىڭ كۆرۈنۈشتىكى ئاتامانى قالىبېل، پىلانلىغۇچىسى بۇقات دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇنى قالىبېل قاتارلىقلار بىلەن بىللە ئەكىلىپ زىندانغا تاشلايدۇ. 1956 - يىلى كۈزدە چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن قاتارلىق يولداشلارنىڭ جەسىتى قېزىۋېلىنغاندا بۇقاتنىڭ جەسىتىمۇ شۇلارنىڭ جەسىتى كۆمۈلگەن ئورۇندىن تېپىلىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئۆز يۇرتىغا دەپنە قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن ئالتايغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ.

ئەمدى دەلىلقان سۇگۇرباييوفنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىگە كەلسەك، 9 - ئايدا دەلىلقاننىڭ قوزغىلاڭچىلار تەرەپكە ئەلچى بولۇپ بېرىپ نەتىجە قازىنالماي قايتىشىنى شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى: «سۆزىگە كۆندۈرەلمىگەنلىكتىن ئەمەس، مېڭىش ئالدىدا بۇقاتتىن ‹مەخپىي يوليورۇق، ئالغانلىقتىن بولدى» دەپ ئۇنىڭغا گۇمان بىلەن قارىغان. بۇقات بىلەن دەلىلقان شۇ چاغدا ئۆزلىرىنىڭ باشقىچە گۇمانلىق ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى سېزىپ، نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئويلىشىپ يۈرىدۇ. قالىبېللەر بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە بېرىپ دۈبەن بىلەن كۆرۈشۈپ قايتىشنىڭ گېپى چىققاندىن كېيىن گۇمانلىرىنىڭ راستقا چىققانلىقىنى بىلىپ، غەپلەتتە قالماي سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كېتىش قارارىغا كېلىدۇ. بىراق «ۋالىينىڭ ئامانلىقىغا جاۋابكارمىز» دېگەن باھانە بىلەن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئىككى ئادىمى بۇقاتنىڭ قېشىدىن كېچە - كۈندۈز ئايرىلمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇقات خەۋپتىن قۇتۇلۇشقا ئامالسىز قېلىپ، چيۇ زۇڭجۇن بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە ماڭىدۇ. دەلىلقان 1941 - يىل 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى سارسۇمبىدىن قېچىپ چىقىپ، جېمىنەي چېگرىسى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ.

## 3. 1942 - يىلدىكى 3 - قېتىملىق خەلق قوراللىق قوزغىلىڭى

ئالتاي خەلقىنىڭ 3 - قېتىملىق

www.uyghurkitap.com



قوراللىق قوزغىلىڭنىڭ 1 - ۋە 2 - قېتىملىقلىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇرەككەپ تارىخىي شارائىتتا ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتتا تولىمۇ ئەگرى - توقاي يوللار بىلەن داۋام قىلدى. شۇڭا ئۇنى تۆۋەندىكى باسقۇچلارغا بۆلۈپ بايان قىلىمىز.

1941 - يىلدىكى 2 - قېتىملىق قوراللىق قوزغىلاڭ ئۇستۇن ھەربىي كۈچنىڭ ياۋۇزلۇق بىلەن چەيلىشى ئارقىسىدا ئۆچكەندەك قىلغىنى بىلەن ئۇچقۇنى ئۆچمەيدۇ. جانسىمقاننىڭ «ئاغزىمدا خۇدا، قولۇمدا قۇرئان» دېگەن قەسىمگە ئىشىنىپ قالغان قالپىللەر قورال تاپشۇرۇپ ماكانىغا قايتىپ كەلگەندە، ئوسمان باشچىلىقىدىكى بىر توپ كىشىلەر قوراللىرىنى تاپشۇرماي، تولا داۋراڭ قىلماي 20 نەچچە ئائىلىلىكنى باشلاپ جۇڭغارىيە قۇملۇقىغا كىرىپ كېتىدۇ. بۇلارنى ھېچكىم سەزمەي قالىدۇ. چۈنكى ئوسمان ئۇ چاغدا قوزغىلاڭچىلار ئارىسىدا ئانچە داڭقى چىقمىغان 3 -، 4 - قاتاردىكى باتۇرلارنىڭ بىرى ئىدى. بۇقات بىلەن قالپىللەرنىڭ ئۇرۇمچىگە ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى ئۇققان سۇلايمان (بۇ قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ قۇربان بولغان سۇلايمان ئەمەس) ئون نەچچە ئائىلىلىكنى ئەگەشتۈرۈپ ئوسمانغا قوشۇلىدۇ. «ئالتۇنچىلار»نىڭ سىرىنى ئۇقۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغان كادىرباي سارسۇمبىدىكى تۈرمىدىن قېچىپ چىقىپ، كۆرتىدىكى ئاۋۇلىغا بارىدۇ. ئۇ كېلەس دېگەن كىشىنىڭ يوشۇرۇن ياردىمى بىلەن ئۇرۇغ - تۇغقانلىرى، بالا - چاقىسى بار يىگىرمىدەك ئادەم بىلەن 6 - ئايدا ئوسمانغا قوشۇلىدۇ. شۇ تەرىقىدە ئۇلار ئەللىكچە ئائىلە، 200 چە ئادەم بولىدۇ. ئۇلار ئوزۇق - تۈلۈكتىن قىسىلغاچقا، ئۈرۈمچىدىن ئالتايغا 20 نەچچە تۆگىدە گۈرۈچ ئېلىپ كېتىۋاتقان كىراكەشلەرنىڭ تۆگىلىرى بىلەن گۈرۈچلىرىنى بۇلاپ تارتىۋېلىپ ئادىمىنى قويۇپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەسلىم بولماي قېچىپ كەتكەنلىكىنى، ھازىر بۇلاڭچىلىق قىلىپ يوشۇرۇنۇپ يۈرگەنلىكىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ.

2 - ئاينىڭ باشلىرىدا شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئۇلارنى نەسىھەت بىلەن قايتۇرۇپ كېلىشكە ۋاتقان بى، ماغاۋىيە زالىڭ، مامىلە زەڭگى باشچىلىقىدا ۋەكىللەرنى ئەۋەتىدۇ. ئوسمان ئۇلارغا: «باشقىسىنى قويۇپ تۇرۇڭلار، تۆنۈگۈنلا بۇقات بىلەن قالپىلنى تۇتۇپ كېتىپ زىندانغا تاشلىغان ھۆكۈمەتكىلارغا بىز تەسلىم بولۇپ بارساق ‹تەگمەيدۇ› دېسەڭلار كىم ئىشىنىدۇ؟» دەپ ئۇلارنى ئېغىز ئاچۇرماي ھەيدىۋېتىدۇ.

شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بۇ «بالايى ئاپەتلەر»نىڭ ياز كەلگەندە ئالتاي تاغلىرى ئىچىگە كىرىۋېلىپ ئاۋارىچىلىق كەلتۈرۈشىدىن قورقۇپ، ئۇلارنى قۇملۇقتىن چىقىشتىن ئىلگىرىلا قورال كۈچى بىلەن ئۇجۇقتۇرۇۋەتمەكچى بولىدۇ -دە 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى بورىبجاپ (موڭغۇل) نى باشلىق قىلىپ 200 ئەسكەر ئەۋەتىدۇ. ئىككى تەرەپ ئۇشبۇلاق ئەتراپىدا ئۇچرىشىپ بىر ئاز ئېلىشقاندىن كېيىن، ئوسمان ئۇرۇش شارائىتىنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئون نەچچە ئادىمى بىلەن قېچىپ كېتىدۇ. بورىبجاپ قالغان قوزغىلاڭچىلارنى، جۈملىدىن ئوسمان، سۇلايمان ۋە قاباسلارنىڭ خوتۇن - بالىلىرىنى

سارسۇمبىگە ھەيدەپ كېلىپ نازارەت ئاستىغا ئالىدۇ. كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن بورىبجاپ دەلىلقان سۇگۇربايوفنىڭ ئورنىغا سارسۇمبە ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى قىلىپ تەيىنلىنىدۇ.

3 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا كۆكتوقاي ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى كېلەسنى ناھىيە بازىرىغا كېلىپ كېتىشكە چاقىرىدۇ. كېلەس ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق قوزغىلاڭدا قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن ئالدىنقى قاتاردىكى باتۇرلارنىڭ بىرى بولغاچقا ھەم كادىربايىنى ئۆيىدە يوشۇرۇپ، ئوسمانلار تەرەپكە يولغا سالغان ئادەم بولغاچقا، بازارغا كىرسە كىرىدىغىنى تۈرمە، كۆرىدىغىنى ئۆلۈم ئىكەنلىكىنى سېزىدۇ - دە ئۇرۇغ - تۇغقانلىرىدىن 20چە ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ، قازانقۇم ئەتراپىدا يۈرگەن ئوسمانغا قوشۇلىدۇ. ئازكەم 40 ئادەم بولۇپ قوراللانغان بۇ كىشىلەر بەيتىك تېغىغا يېقىن قارامايلى دېگەن يەرگە بارىدۇ. بۇنى بىلىۋالغان شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مالگاجدار موللا، ماساي، سىبىيىت دېگەن ئۈچ كىشىنى بېرىپ ئەل قىلىپ كېلىشكە ئەلچىلىككە ئەۋەتىدۇ، لېكىن ئۇلار تاپالماي قايتىدۇ. ساقچى ئىدارىسى بولسا «تاپالمىدۇق دەپ يالغان ئېيتىشسەن، سەنلەر تىل بىرىكتۈرۈپ كېلىشتىڭ» دەپ ئۇلارنى قولغا ئالماقچى بولىدۇ. بۇنى سەزگەندىن كېيىن ئۇلارمۇ 20 نەچچە ئادەم بولۇپ قېچىپ چىقىپ ئوسمانغا قوشۇلىدۇ.

5 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئوسمان: «سارسۇمبىدىكى بالا - چاقىلىرىمنى ئەكىلىپ بېرىپ ئىشەنچ بىلدۈرسە تەسلىم بولىمەن» دەپ يالغۇز ئىنىسىنى كۆكتوقايغا ئەۋەتىدۇ. ھۆكۈمەت تەرەپ: «ئىنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ قاتتىق ئاغرىپ قالغانلىقتىن قايتالمايدىغان بولدى. بالا - چاقاڭنى 6 - ئاي ئىچىدە قاجىنابى ھاكىم بىلەن ماغاۋىيا زالىڭ ئاپىرىپ قولۇڭغا تاپشۇرىدۇ. شىقىنتىغا كېلىپ كۈتۈۋال» دەپ خەۋەر بېرىدۇ.

ئەسلىدە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئېيتقان گەپلىرى بىلەن قىلغان ئىشلىرى يالغانىدى. ئوسمان «تەسلىم بولىمەن» دېگەن باھانە بىلەن خوتۇن - بالىلىرىنى ئەكەلتۈرۈۋالماقچى، ھۆكۈمەت تەرەپ ئوسماننىڭ خوتۇن - بالىلىرىنى يەمچۈك قىلىپ تۇرۇپ ئوسماننى ئالداپ قولغا چۈشۈرمەكچى ئىدى. قاجىنابى دېگەن كىشى ئوسمان قاتارلىق 4 ئادەمنىڭ بالا- چاقىلىرىنى 300 ئەسكەرنىڭ «مۇھاپىزىتى» بىلەن ۋەدە قىلغان يېرىگە ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ قوراللانغان ئەسكەرلەر بىلەن كېلىۋاتقانلىقىنى يىراقتىن كۆرۈپ تۇرغان ئوسمانلار ئۆزلىرىنى ئاشكارىلىماي، «كېيىن بىر گەپ بولار» دەپلا تاغقا چىقىپ كېتىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپ مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. لېكىن قوزغىلاڭچىلار ئىچىدە 9 - 10 ئاي ئۆيلىرىدىن، بالا - چاقىلىرىدىن، ئەل - يۇرتتىن ئايرىلىپ، ئاچ-يالىڭاچ، ئۇيقۇسىز، كۆلكىسىز يۈرۈپ ئۈمىدسىزلەنگەنلىرىمۇ بار ئىدى. مۇشۇنداق پەيتتە يەنە شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ سالىق تەيجى، ئەدىلقان بى باشلامچىلىقىدىكى «نەسىھەت» چىلىرى كېلىپ نەسىھەت قىلىدۇ. بۇنىڭغا ئوسمان، كېلەس باشچىلىقىدىكى بىر بۆلۈك كىشىلەر قۇلاق سالمايدۇ. لېكىن قاپاس، ئابدۇراخمان، كادىرباي باشچىلىقىدىكى 5 - 6 ئادەم «تەلەي سىناپ بېقىش ئۈچۈن» تەۋەككۇل قىلىپ تەسلىم بولىدۇ. ئارىدىن

uyghurkitap.com


ئىككى ئاي ئۆتمەستىن كادىرباي قولغا ئېلىنىدۇ، ئوسماننىڭ «ئەلچىسى» بولۇپ بېرىپ نازارەت ئاستىغا ئېلىنغان ئىنىسىمۇ قولغا ئېلىنىدۇ (بۇلارنىڭ ئىككىلىسى كېيىن تۈرمىدە ئۆلىدۇ). بۇنى كۆرگەندىن كېيىن، ئابدۇراخمان، قاپاس باشلامچىلىقىدىكى تەسلىم بولغۇچىلارنىلا ئەمەس، ئۇلاردىن باشقا يەنە كۆپلىگەن كىشىلەرنىمۇ قورقۇنچ باسىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇراخمان، قاپاس باشلىق 40 نەچچە ئادەم قېچىپ چىقىپ يېڭىۋاشتىن ئوسمانلارغا قوشۇلىدۇ. شۇ تەرىقىدە ئوسمانلارغا قوشۇلىدىغانلار بارا - بارا كۆپىيىدۇ. ئوچقۇن يانغىنغا ئايلىنىدۇ.

1941 - يىلدىكى 2 - قېتىملىق قوزغىلاڭدا ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچراپ تەسلىم بولغانلاردىن ياكى قولغا ئېلىنىش خەۋپىدە قالغانلاردىن بىردىن ئىككىدىن، بەشتىن ئوندىن، ھەتتا ئوتتۇز - قىرىقتىن بولۇپ قېچىپ چىقىپ، ئوسمان باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلغانلارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپىيىدۇ. ئەمدى ئوسمان بىلەن تونۇشۇپ ئۆتەيلى:

ئوسمان زادى قانداق ئادەم؟

ئوسمان ئىسلام ئوغلى، قازاقنىڭ كېرەي مولقى قەبىلىسى، ئايتوغان ئۇرۇقىدىن. ئۇ 1889 - يىلى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ كۆكتوقاي



قوزغىلاڭ مەزگىلىدىكى ئوسمان

ناھىيىسى ئۆندىرقارا كەنتىدە تۇۋۇن ئوتتۇرا چارۋىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئات ئېگەك، ئۇزۇن تۇمشۇق، قىزىل ئۆڭلۈك، يوغان كۆز، قويۇق چاچلىق، بومبا ساقال، قاۋۇل، بەستلىك، كەم سۆز، ئىچ سىرىنى ئاسانلىقچە ئاشكارىلىمايدىغان، سالماق، شۇنىڭدەك بەلۋىغىنى يېشىپ بىغەم ياتمايدىغان، ماۋزېرى ياستۇقىنىڭ ئاستىدىن كەتمەيدىغان، ئوق خالتىسى بېلىدىن چۈشمەيدىغان، بىر ئېتىنى ئوتلىتىشقا قويسا، بىر ئېتى ئېگەرلەنگەن ھالدا مومىدا باغلاقلىق تۇرىدىغان، ھوشيار، ئېھتىياتچان ئادەم ئىدى. بىلىم جەھەتتىن ئالغاندا ئىلىپنى چوماق دەيدىغان ساۋاتسىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە دىنچىل، گۇمانخور، جاھىل، ئۆتۈپ كەتكەن ئابرويپەرەس ئادەم ئىدى. ئۇ ئۇستا مەرگەن بولغاچقا، ھەمراھلىرى ئۇنى ھۆرمەتلەيتتى.

ئوسمان قىشتا ئۆندىرقارا دېگەن جايدا قىشلاپ، يازدا ئالاغىز، ئارىشاڭ، ئاقبۇلاق، قوجىرتى دېگەن جايلاردا تۇراتتى. ئۇنىڭ بوۋىسى خېلى ھاللىق چارۋىچى بولۇپ، دىنىي بىلىمدىن ئاز - تولا خەۋىرى بار موللىلاردىن ئىدى. دادىسى ئىسلامنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە تۇرمۇشى بارا - بارا نامراتلاشقان. ئوسمان ئۆزى ئائىلە باشلىقى بولغاندىن تارتىپ كەمبەغەللىكتە تۇرمۇش كەچۈرگەن. 1941- يىلدىن ئىلگىرى كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ كۆرتى دېگەن يېرىدىكى ئىككى قىزىلتاش بۇلىقى بويىغا ئارپا، تېرىق تېرىپ تىرىكچىلىك قىلغان. بەزىدە يىپ - يىڭنە، تۇگمە، تارغاق قاتارلىق ئۇششاق ماللارنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ سودا - سېتىقمۇ قىلغان.

ئوسمان ئاكا - ئۇكا ئىككى ئوغۇل بولۇپ، ئىنىسى دەلىلقان ئىسلام 1942 - يىلى

كۆكتوقاي ناھىيىسىدىكى شىڭ شىسەي دائىرىلىرى تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ قازا قىلغان.

ئوسمان ئۆمرىدە ئۈچ خوتۇن ئالغان. تۇنجى خوتۇنى نۇرغىزا بولۇپ، ئۇنىڭدىن شىرزىمان (ئەسلى كونىچە «شىرذمان» دەپ يېزىلىدىغان بولغاچقا، كىشىلەر خاتا ھالدا «شىردىمان» دەپ ئوقۇۋالغان)، شىريازدان، نىغمەتۇللا، نەبى، بايدۇللا، كارىي ئىسىملىك ئالتە ئوغۇل، كابىرا، پانسىيا ئىسىملىك ئىككى قىز تۇغۇلغان. نۇرغىزا ۋاپات بولغاندىن كېيىن 2 - خوتۇنى مامەيدىن قاپىيا، ساپىيا، زامبىيا ئىسىملىك ئۈچ قىز پەرزەنت كۆرگەن. 1943 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بايان ئىسىملىك بىر تۇل ئايال بىلەن نىكاھلانغان ۋە ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرگەندىن كېيىنلا باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشىپ، بايانىنىڭ 100دىن ئوشۇق چوڭ مال، 1000 دىن ئوشۇق قويىغا ئىگە بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ چاغدا ئوسماننىڭ نامى چىقىپ، «باتۇر»، «باشلىق» ئاتىلىپ، ئابرويلۇق ئادەملەردىن بولۇپ قالغاچقا، كېلىدىغان تارتۇق، سوۋغىلارمۇ كۆپىيىدۇ. شۇنداق قىلىپ كېيىنكى ھاياتىدا ئالتاينىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن بايلىرىدىن بولۇپ قالىدۇ. ئوسمان بايانىدىن ئاماق ئىسىملىك بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن. دېمەك ئوسمان ئۆمرىدە 12 بالىلىق بولغان (7 ئوغۇل، 5 قىز).

1943 - يىل 6 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، ئوسماننىڭ ئادەملىرىنىڭ تېز سۈرئەتتە كۆپىيىشى ئۇنىڭ خورىكىنى خېلىلا ئۆستۈرۈپ قويىدۇ. ئادەم سانىنىڭ كۆپىيىشى، ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردە دۈشمەنگە تېخىمۇ ئەجەللىك زەربە بېرىشىنى شارائىت بىلەن تەمىنلەيدۇ. لېكىن، سوبيېكتىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، قولىدا مۇقىم جۇغلانمىسى بولمىغان ئوسماننىڭ بېشى قاتىدۇ. بۇنچە كۆپ ئادەمنى ئوزۇق - تۈلۈك، كىيىم - كېچەك، ئات - ئۇلاغ، قورال - ياراغ بىلەن تەمىنلەش ھەقىقەتەنمۇ قىيىن مەسىلە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يول توسۇپ كارۋانلارنى بۇلاش، باشقىلارنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى ئېلىپ قېچىشقا ئوخشاش باندىتلىققا كىرىدىغان قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلايدۇ. ئۇلارنىڭ باندىتلىق قىلمىشلىرى ئالتاي خەلقىگىلا ئەمەس، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالتاي ۋىلايىتى بىلەن چېگرىلىنىدىغان جايلىرىدا ياشايدىغان قازاق، موڭغۇل خەلقلىرىگىمۇ زىيان - زەخمەت يەتكۈزىدۇ. ئاخىرى موڭغۇلىيە تەرەپ ئوسمانغا: «... سىلەرنىڭ شىڭ شىسەيگە، گومىنداڭغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئومۇمىي يۆنىلىشىڭلار توغرا، لېكىن بۇلاڭچىلىق، ئوغرىلىق قىلىشتەك قوپال ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىڭلار توغرا ئەمەس. سىلەرنىڭ بۇنداق قىلىقلار بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرۈشۈڭلارنىڭ ئىلاجسىزلىقتىن بولۇۋاتقانلىقىنى بىزمۇ چۈشىنىمىز. سىلەر بۇندىن كېيىن بۇنداق قوپال ھەرىكەتلەردىن قول ئۈزۈپ، مىللىتىڭلارنىڭ ئۈچىنى پەقەت ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا قارىتىڭلار. ئەگەر شۇنداق قىلىشقا ماقۇل بولساڭلار، بىز سىلەرنى قوللايمىز، ھەر تەرەپتىن كۆپلىگەن ياردەملەرنى بېرىشكە تەييارمىز» دېگەن مەزمۇندا خەت يېزىپ، خەتنى ئوسمان بىلەن بىر قەبىلىدىن بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قاماش ئىسمىلىك بىر قازاق كىشىدىن ئەۋەتىدۇ. بۇ تەكلىپ ئوسمانغا بەكمۇ ياقىدۇ. شۇڭا ئۇلار موڭغۇلىيە تەرەپنىڭ بۇ تەكلىپىگە دەرھال ماقۇللۇقىنى بىلدۈرۈپ جاۋاپ خەت يېزىپ، قاباس، تىركەش، شېرزىمان، تەسكەمباي قاتارلىق ئادەملىرىنى موڭغۇلىيىگە ئەۋەتىدۇ. قاباس قاتارلىقلار موڭغۇلىيىگە بېرىپ بىر قانچە كۈن تۇرۇپ سۆھبەتلىشىپ قايتىپ كېلىدۇ. موڭغۇلىيە تەرەپ ۋەكىللەرنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن ماۋزېر، ئوسمانغا ئاتاپ بىر دانە ئاپتومات، بىر دانە دۇربۇن سوۋغا قىلىدۇ.

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئوسمان موڭغۇلىيە تەرەپتىن بىر مەسلىھەتچىلەر گۇرۇپپىسى ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. موڭغۇلىيە تەرەپ ئوسماننىڭ تەلىپىگە بىنائەن، 1943 - يىل 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا قالقاباي، قابدىل، قورمانقان قاتارلىق ئالتە كىشىنى ئوسماننىڭ يېنىدا تۇرۇپ مەسلىھەتچىلىك قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئوسمان بىلەن ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى قوزغىلاڭچىلار تەدرىجىي ھالدا ئەسلىدىكى مەقسىتى غۇۋا، ھەرىكىتى قوپال بولغان ئىستىخىيىلىك كۈچتىن توغرا يۆنىلىشكە، مۇئەييەن ئىنقىلابىي ئىدىيىگە ئىگە بىر كۈچكە قاراپ ئۆزگىرىشكە باشلايدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئوسمان موڭغۇلىيە تەرەپنىڭ بېرىنچى قېتىم ئەۋەتكەن 200 دانە بەشئاتار مىلتىق، 40 دانە پىلىموت، 50 ساندۇق ئوق ۋە باشقا ھەربىي ئەشيالىرىنى تاپشۇرۇۋالىدۇ.

شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ ئالتايدىكى دائىرىلىرىنىڭ زۇلمى ۋە ئالۋان - ياساقلىرىدىن جاق تويغان كۆكتوقاي خەلقىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى قوزغىلاڭچىلار سېپىگە قوشۇلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى يەنىمۇ كېڭىيىدۇ. بولۇپمۇ ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتكەن دەلىلقان سۇگۇربايوفنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن 12 كىشىلىك مەسلىھەتچىلەر گۇرۇپپىسىنى باشلاپ موڭغۇلىيە ئارقىلىق قايتىپ كېلىپ ئوسمان باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار سېپىگە قوشۇلۇشى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا يېڭى ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىدۇ. دەلىلقان سۇگۇربايوف باشلاپ كەلگەن سوۋېت ئىتتىپاقىلىق كىشىلەر ئاق چېدىرغا ئورۇنلىشىدۇ. ئىلگىرى موڭغۇلىيە تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن مەسلىھەتچىلەر گۇرۇپپىسى كۆك چېدىردا تۇرۇۋاتاتتى. شۇڭا كىشىلەر ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئىككى تۈركۈم مەسلىھەتچىلەرنى تۇرغان چېدىرلىرىنىڭ رەڭگىگە قاراپ ئاق ئۆينىڭ كىشىلىرى (سوۋېت مەسلىھەتچىلىرى)، كۆك ئۆينىڭ كىشىلىرى (موڭغۇلىيە مەسلىھەتچىلىرى) دەپ ئاتىشىدۇ.

دەلىلقان سۇگۇربايوف قوزغىلاڭچىلار سېپىگە قوشۇلغاندىن كېيىن، ئوسمانغا ئىچكى- تاشقى ۋەزىيەتنى، دەۋر يۆنىلىشىنى، ئىنقىلاب قىلىشنىڭ ماھىيىتى ۋە مەقسىتىنى سەممىيلىك بىلەن ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈپ، خەلق كۆڭلىگە ياقىدىغان پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا تەكرار - تەكرار خىزمەت ئىشلەيدۇ. دەلىلقان سۇگۇربايوف يەنە ئوسمان ئارقىلىق ئوسماننىڭ قېشىدىكى باشقا كىشىلەرگىمۇ نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەيدۇ. نەتىجىدە ئوسماننىڭ ئىدىيىسىدە زور ئويغىنىش بولىدۇ، كۆپچىلىكنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتىمۇ دەسلەپكى قەدەمدە بىرلىككە كېلىدۇ. شۇ ئاساستا قوزغىلاڭچىلار رەسمىي تەرتىپكە سېلىنىپ، 800 كىشىدىن تەركىب تاپقان

پارتىزانلار ئەترىتى تەشكىللىنىدۇ، ئۇلار 4 ئەترەتكە ئايرىلىدۇ. ۋاقىتلىق باش شتاب قۇرۇلۇپ، ئوسمان باش قوماندان، دەلىلقان سۇگۇربايوف مۇئاۋىن باش قوماندان بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئالتاي خەلقىنىڭ شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى پارتىزانلار ئەترىتى رەسمىي بارلىققا كېلىدۇ.

مۇنتىزىم پارتىزانلار ئەترىتى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى 1944 - يىل 2 - ئايدا يەنە 50 دانە ئېغىر ۋە يېنىك پىلىموت، 50 دانە ئاپتومات، 200 دانە بەشئاتار مىلتىق، 50 ساندۇق گرانات، 30 ساندۇق ئوق ئەۋەتىپ بېرىدۇ. 6 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئوسمان، دەلىلقان سۇگۇربايوفلار مەسلىھەتلىشىپ پارتىزانلىق ھەرىكەتنى پۈتكۈل ئالتاي ۋىلايىتى تەۋەسىگە كېڭەيتىشنى قارار قىلىدۇ ۋە تۆت پارتىزان ئەترىتى تەشكىللەپ بۇرۇلتوقاي، بۇرچىن، قابا، جېمىنەي ناھىيىلىرىگە ئەۋەتىدۇ. پارتىزانلار بۇ ناھىيىلەرگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، بىر مەزگىل تەشۋىق - تەربىيە بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. نەتىجىدە ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ ناھىيىلەردىكى خەلق ئاممىسىنىڭ كۆپچىلىكى پارتىزانلارنى قوللاپ، پارتىزانلار تەرەپكە ئۆتىدۇ. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى نۇرغۇن ئەسكىرىي كۈچىنى ئىشقا سېلىپ پارتىزانلارنى ئۇجۇقتۇرماقچى بولغان بولسىمۇ، ئوتتى كوچىلىغانسىرى كۈچىيىپ كەتكەندەك، پارتىزانلارنىڭ كۈچى تېخىمۇ ئۇلغىيىپ، 9 - ئايغا كەلگەندە ئىنقىلاب يالقۇنى پۈتۈن ئالتاي ۋىلايىتىدىكى يەتتە ناھىيىنىڭ ھەممىسىگە تۇتىشىدۇ.

ئالتاي پارتىزانلىرىنىڭ كۈچى ئۇلغىيىپ قانات - قۇيرۇقى يېتىشىپ قالغاندىن كېيىن، سارتوقاي، بۇلغۇن، قابدىقتاغ، قاراغايتى، ئۇچتاش، كۆرتى قاتارلىق جايلاردا گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىلەن قانلىق جەڭ قىلىپ نۇرغۇن دۈشمەننى يەر چىشلىتىدۇ.

دېمەك، ئالتاي خەلقىنىڭ 1940 - يىلدىن باشلانغان زومىگەرلىككە، زۇلۇمغا قارشى ئېلىپ بارغان ئىستىخىيىلىك قوراللىق قوزغىلىڭى تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ، 1944- يىل 9 - ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە خېلى مۇكەممەل پارتىزانلىق ھەرىكىتىگە ئايلىنىپ، ئالتاي خەلقىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلىدۇ، نۇرغۇن كىشى پارتىزانلار سېپىگە قوشۇلىدۇ.

پارتىزانلار ھەرىكىتىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بىر يادرولۇق رەھبەرلىك كوللېكتىپى قۇرۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 1944 - يىل 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ بۇلغۇن دېگەن يېرىدە بىر قېتىملىق ئاممىۋى يىغىن ئېچىلىپ، 12 كىشىدىن تەركىب تاپقان «ئالتاي مىللىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى» قۇرۇلىدۇ، ئوسمان بۇ ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى بولۇپ بەلگىلىنىدۇ.

ئالتاي ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەڭشەپ، ئىشنى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئالتاي تەۋەسىدىكى نۇقتىلىق بازىلىرىغا ۋە ناھىيە بازارلىرىغا ھۇجۇم قىلىشتىن باشلايدۇ. پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ سانىمۇ ئەسلىدىكى تۆتتىن كۆپىيىپ توققۇزغا، ئادەم سانى 2200 گە يېتىدۇ. موڭغۇلىيە تەرەپ يەنە 350 دانە بەشئاتار مىلتىق، 100 دانە ئاپتومات، 20 دانە ئېغىر پىلىموت، 30 دانە يېنىك پىلىموت، ئالتە دانە مىنامىيوت، ئىككى دانە تانكائاتار، 100 ساندۇق گرانات، 500 ساندۇق ئوق

يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئالتاي پارتىزانلىرى بىرمۇنچە غەلىبىلىك ئۇرۇشلارنى قىلىپ نۇرغۇن دۈشمەننى يوقىتىپ، خېلى كۆپ قورال - ياراغ، ئوق - دورا غەنىيمەت ئالىدۇ، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىمۇ خېلىلا ھالسىرىتىپ قويىدۇ.

1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئالتاي ئازادلىققا چىقىدۇ، 20 - كۈنىگە كەلگەندە ئالتايدا تولۇق تىنچلىق ئورنايدۇ ۋە دەلىلقان سۇگۇربايوف كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ تۇرغىن دېگەن يېرىدىكى ئاۋۇلىدا تۇرۇۋاتقان ئوسمانغا خەت يېزىپ، ئالتايدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئاخىرقى قورغىنى بولغان سارسۇمبە شەھىرىنىڭ ئازاد بولۇش ئەھۋالىنى، مىللىي ئارمىيە كەڭسايى ئاتلىق 3- پولكىنىڭ كەلگەنلىكىنى تولۇق تونۇشتۇرۇپ مەلۇمات يوللايدۇ. بۇ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزگىلى كەلگەن ئادەمگە ئوسمان: «ۋاي ئىستەي، بۇنىڭدىن كېيىن بىر ئاتقا ئىككى كىشى مىنگىشىدىغان بوپتىمىز - دە!» دېگەن بىر ئېغىزلا گەپنى قىلىدۇ.

## 4. ياتلىشىش

1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىدىن ئېلىخان تۆرە، ئەخمەتجان قاسىملار غۇلجىدىن ئالتايغا كېلىپ، دەلىلقان سۇگۇربايوف باشلىق ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى كىشىلەر بىلەن بىرنەچچە قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ. ئاخىرىدا ئاممىۋى يىغىن ئېچىپ، ئالتاي ئىنقىلابىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارىلىدىغانلىقىنى، ئالتاي مەمۇرىي مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ، مەزكۇر مەھكىمىنىڭ غۇلجىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، ئوسمان ۋالىي، دەلىلقان سۇگۇربايوف، شەمسى مامىيوف، ھارىبايلار مۇئاۋىن ۋالىي بولىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ. ھەر قېتىملىق يىغىنغا ئوسمان ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى - بۇنى باھانە قىلىپ كەلمەيدۇ. بۇ يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھېلىقى بىر ئېغىز گەپنىڭ تۈپ مەنىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. لېكىن يەنە شۇنىمۇ ئېيتقاچ كېتىش زۆرۈردەك قىلىدۇ: 1944 - يىل 12 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئىلىدا «11 - نويابىر» ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قازانغانلىقى، غۇلجا، سۈيدۈڭ، قورغاس، چاپچال قاتارلىق يەرلەرنىڭ ئازاد بولغانلىقى توغرىسىدىكى خۇش خەۋەرلەر ئالتايغا يېتىپ كېلىپ، بارلىق ئادەم خۇشاللىققا چۆمگەن چاغدا، ئوسمان ئۇنىڭغا سۇس مۇئامىلىدە بولىدۇ، باشقىلار بۇ نېمە قىلغىنىدۇ، دەپ گۇمانلىنىدۇ.

ئوسمان ئەسلىدە تولىمۇ ئابرويپەرەس، ئۆزىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تولىمۇ كارامەت ھېسابلايدىغان ئادەم ئىدى. بۇنىڭغا مۇنداق بىر ئىشنى مىسالغا ئالساقلا كۇپايە: 1943 - يىل 10 - ئايدا ئازكەم 30 ئۇرۇغ - جەمەت باشلىقلىرى بىر ئۆيدە باش قوشۇپ ئولتۇرغاندا گەپتىن گەپ چىقىپ كىمدۇر بىرى:

— مۇشۇ ئوساكەڭنى (ئوسماننى دېمەكچى — ئاپتور) نېمە دەپ ئاتىساق توغرا بولار؟ — دەيدۇ.

— «پادىشاھ» دەپ ئاتايلى، — دېيىشىدۇ بىرنەچچە خۇشامەتكۆي ھەمراھ.

شۇ تەرىقىدە ھەممىسى چۇقان سېلىشىپ، ئوسماننى بىر ئاق تېكىمەت كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇپ، بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭغا باشقا خەلق ئاممىسى شۇنداقلا ئۇقۇمۇشلۇق ئاق كۆڭۈل ئاقساقاللار

خوپ دېيىشىپ ئاۋاز قوشمىغان، بولۇپمۇ تەشكىلىي جەھەتتىن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ رەسمىيلەشمىگەن ئىش (بەزىلەر: «مارشال چويبالسان پارتىزانلار ئارىسىغا كەلگەندە ئوسماننى پادىشاھ قىلىپ سايلاپ كەتكەن» دېيىشىدۇ. بۇ پۈتۈنلەي يالغان، ئېلىپ قاچتى گەپلەر. چويبالسان ئۇنداق تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويمىغان، قويۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ چويبالسان كېلىپ كېتىشتىن يېرىم يىل ئىلگىرى بولغان ئىش) بولغانلىقتىن، كېيىن ھەرقانداق خەت-ئالاقىلەردە ياكى چوڭ - كىچىك يىغىنلاردا ئۇنىڭ بۇ «پادىشاھلىق» سالاھىيىتى يا تىلغا، يا قەلەمگە ئېلىنغان ئەمەس. پەقەت «ئوسمان باتۇر» دەپلا ئاتىلاتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئوسمان بۇنىڭلىق بىلەن ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ ماختىنىپ يۈرەتتى، لېكىن ئوسمان ئالتاينىڭ يەرلىك پادىشاھى بولۇشۇم كېرەك دەيدىغان غەرەزدە بولغاچقا، بۇنى يوشۇرۇپ كېتەلمىدى.

ئېيتايلۇق، 1946 - يىل 5 - ئايدا كۆكتوقاي كان رايونىغا سوۋېت ئىتتىپاقى كان قازغۇچىلار ئەترىتى قايتىدىن كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئوسمان ئۆزىنىڭ ھەمتاۋاقلىرىنى ۋە ئاما ئىچىدە تەسىرى چوڭراق بىرمۇنچە يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى چاقىرىپ، قوۋئوۋي دېگەن يەردە مەجلىس ئېچىپ: «يەر مېنىڭ تورۇغلۇق ئورۇسلار نېمە ئۈچۈن مېنىڭدىن رازىلىق ئالمايلا بۇ يەرگە كېلىدۇ؟ ئۇلارنى قورال كۈچى بىلەن ھەيدىۋېتىش كېرەك» دەپ داۋراڭ سالىدۇ. بۇنىڭدىنمۇ ئوسماننىڭ ئالتاينى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي يېرى دەپ قارايدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك 8 - ئاينىڭ باشلىرىدا سارسۇمبە شەھىرىگە كېلىدۇ ۋە گېنېرال مايۇر دەلىلقان سۇگۇربايوف بىلەن بىرلىكتە كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ تور يايلىقىدا تورۇۋاتقان ئوسماننىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن گومىنداڭ تەرەپنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ بىتىمگە كەلگەنلىكىنى، بىتىمنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى چۈشەندۈرىدۇ، ناھايىتى كۆپ مەسلىھەت بېرىدۇ. ئوسمان مىيىقىدا كۈلۈپلا قويىدۇ. ئۇلار ئوسمانغا تېزرەك خىزمەت ئورنىغا بېرىشنى ئېيتىپ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى نامىدىن 1 - دەرىجىلىك «ئازادلىق» ئوردېنى تەقدىم قىلىدۇ. كۆكرىكىگە «ئازادلىق» ئوردېنى تاقالغاندا ئوسمان ئۇنىڭغا قاراپ: «مەن ئەمدى تەڭگە - مارجان تاقايدىغان ئايال كىشى بولۇپ قالدىممۇ!» دەپ مەسخىرە قىلىدۇ. خىزمەت ئورنىغا بېرىش توغرىسىدا «كۆز كېلىپ سالقىن چۈشكەندە خىزمەت ئورنىغا بېرىشنى ئويلىشارمەن» دەيدۇ. ئوسماننىڭ ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېكلەرنىڭ سارسۇمبىدىكى مەجلىسكە چاقىرتسا كەلمەسلىكىمۇ سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى. چۈنكى بۇ مەجلىسلەرگە كېلىپ قاتنىشىدىغان بولسا، يا ئالتاي ئىنقىلابى ئىلىدىكى ئىنقىلابنىڭ بىر قىسمى دېگەن قاراشقا قوشۇلۇپ پوزىتسىيە بىلدۈرۈشى كېرەك بولىدۇ، يا ئاشكارا قارشىلىق كۆرسىتىشى كېرەك بولىدۇ. قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكە رايى بارمايدۇ، ئاشكارا قارشى چىققاي دېسە دەرمانى يەتمەيدۇ. قىسقىسى ئوسمان ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى خالىمايتتى، بۇ ھال گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئوسمانغا ئۈمىد باغلىشىغا، ئوسماننىڭ گومىنداڭ ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ قۇللۇق بىلدۈرۈشكە سەۋەب بولۇپ قالدى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

تەھرىرلىگۈچى: ئەخمەت روزى توغرۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭدا تۇنجى مەتبەئە كارخانىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى

پەتتار تۇرسۇن ئىدىقۇتى

(شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدىن)

شېڭ شىسەي 1933 - يىل ئۈرۈمچىدە «12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ سىياسىي - ھەربىي ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋېلىپ، ئۆزىنى شىنجاڭنىڭ دۇبەنى دەپ جاكارلىدى. 1935 - يىل 4 - ئايغا كەلگەندە «قوشنى يەم بىلەن ئالداش، ئادەمنى گەپ بىلەن» دېگەندەك شۇم غەرىزىنى ئىشقا سېلىپ، «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»نى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئالداپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىۋالدى.

شېڭ شىسەي شىنجاڭدا «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»تىن ئىبارەت شوئارنى ئەمەلىي خىزمىتىدە كۆرسىتىش ئۈچۈن بىر قىسىم خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە بەل باغلىدى. ئۇ ئالدى بىلەن ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېنلار ھاكىمىيىتىدىن قالغان خۇراپاتلىق، قاششاقلىق، يوقسۇللۇق، نادانلىق، مالىيىدىكى قاتماللىق، كىرزىس ھالىتىنى تىزگىنلەش، مەدەنىيەت - مائارىپنى گۈللەندۈرۈش ئارقىلىق شىنجاڭ خەلقىنى ئاڭ جەھەتتىن ئويغىتىش، ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىق، ئۆز ئارا ئىشەنچ ۋە ھۆرمەت تۇرغۇزۇش، خەلقنى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىشلاردىن خەۋەردار قىلىش ۋە يېڭىلىققا يېتەكلەشكە كىرىشتى.

شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ بىر نەچچە يىل ئۆتمەيلا ھەر قايسى ۋىلايەتلەردە يەنى ئىلى، ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئالتايلاردا ئۇيغۇرچە، قازاقچە گېزىتلەرنى نەشر قىلدۇردى. گېزىتكە كېرەكلىك مەتبەئە ئۈسكۈنىلىرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئېلىپ كېلىندى. ئىككىنچى قەدەمدە شىنجاڭدىكى پۇل پاخاللىقىنى تىزگىنلەش، مالىيە - ئىقتىسادنى ئۆلكە مالىيىسىگە جۇغلاش، ئۆلكىدە بىر تۇتاش پۇل تارقىتىپ، قەشقەر رايونىدىكى «قەشقەر قەغەز پۇلى»، ئىلى رايونىدىكى «ئىلى قەغەز پۇلى»نى ئەمەلدىن قالدۇرۇش پىلانىنى يولغا قويۇپ، شىنجاڭدا مەخسۇس پۇل، تالون، چەك باسىدىغان مەتبەئە كارخانىسىنى قۇرماقچى بولدى. بۇ مەتبەئە كارخانىسىنى ئۈرۈمچى چوڭ كۆۋرۈكتىكى «فۇمىن» (阜民) توقۇمىچىلىق زاۋۇتىنىڭ ئورنىغا سېلىشنى بېكىتتى. «فۇمىن» توقۇمىچىلىق زاۋۇتى 1928- يىللىرى ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن قۇرۇلغان بولۇپ، 1934 - يىل 1 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ما جۇڭيىڭ تەرىپىدىن ئوت قويۇپ ۋەيران قىلىۋېتىلگەن. بۇ زاۋۇتنىڭ

ئورنى بوش قالغاچقا شىڭ شىسەي بۇ ئورۇننى تاللاپ مەتبەئە كارخانىسى قۇرۇشقا جىددىي تەييارلىق قىلدى.

شىڭ شىسەي 1936 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 5 مىليون رۇبلى ئېلىپ، بىر قىسمىنى مەتبەئە ئۈسكۈنىلىرى كىرگۈزۈشكە خىراجەت قىلدى. 1937 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 1 - تۈركۈمدە سېتىۋېلىنغان ئۇيغۇرچە، قازاقچە، رۇسچە قوغۇشۇن مىخ ھەرپلەر، نابور تىزىش كاسسىلىرى، نابورغا دائىر ماتېرىياللار چۆچەك ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە يەتكۈزۈلدى. 2 - تۈركۈمدە يەنى 1937 - يىلنىڭ ئاخىرلىرى چوڭ تىپتىكى سۈرەت تارتىش ئاپپاراتى، بەت قاقلاش (قۇرۇتۇش)، بەت يۇيۇش، رەڭ ئايرىش، پۈتۈن تاۋاقلىق رېزىنكە بەتلىك باسما ماشىنىسى، قەغەز پۇل، تالون - زايوملارغا ئاپتوماتىك نومۇر بېسىش ماشىنىسى، پۈتۈن تاۋاقلىق قەغەز كېسىش ماشىنىسى، تۈپلەش-پادىيوم قىلىش ماشىنىسى ھەم مۇقاۋا، قەغەز پرېسلاش ماشىنىسى، قاتلانغان قەغەزلەرنى تىكىش ماشىنىلىرى، كىتاب تىكىش، توك چىقىرىش، پار بېرىش ماشىنىلىرى كەلتۈرۈلدى.

بۇ زاۋۇتنىڭ كۆلىمى 24 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر بولۇپ، غەربىي شىمال بويىچە كۆلىمى چوڭ، مەتبەئە ئۈسكۈنىلىرى مۇكەممەل زاۋۇت قىلىش پىلانلانغانىدى. بۇ مۇھىم ۋەزىپىگە شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى جۇ بىن ( 周彬 )نى (شۇ چاغدا شىنجاڭ مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى ئىدى) قويدى. جۇ بىننىڭ ئەسلى ئىسمى ماۋ زېمىن بولۇپ، شۇ چاغدا جۇ بىن جۇ نازىر دەپ ئاتىلىدىكەن. ماۋ زېمىن قۇرۇلۇۋاتقان باسما زاۋۇتنى ئۆزى بىۋاسىتە تۇتۇپ كۆڭۈل قويۇپ رەھبەرلىك قىلدى. 1938 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىۋانوف، ئا. بۇركىن، زىبىكىن قاتارلىق 13 مۇتەخەسسىس، ئىنژېنېر، تېخنىك كەلدى.

ماۋ زېمىن ئۇلار بىلەن باسما زاۋۇتنىڭ ئىشخانا، ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرىنى بىخەتەر قۇراشتۇرۇش، تېز پۈتتۈرۈش، تېخنىكا كۈچلىرىنى ۋاقتىدا، يارامLIق تەربىيىلەش، ئىلمىي باشقۇرۇش پرىنسىپلىرى ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى. ماۋ زېمىن زاۋۇتقا ئۈرۈمچى شەھىرىدىن ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق 100 ياش ئوقۇغۇچىنى ئىشچىلىققا قوبۇل قىلدى. بۇنىڭغا ئۇلاپلا بۇرۇنقى «فۇمىن» توقۇمىچىلىق زاۋۇتىدا ئىشلىگەن ياش تېخنىك ئىشچىلارنىمۇ ئاز نىسبەتتە قوبۇل قىلدى. ئۇلارنى قىسقا مۇددەت تەربىيىلەپلا ئىش ھالقىلىرىغا تەقسىم قىلدى. مۇشۇ ئاساستا تۇنجى ئەۋلاد مەتبەئە تېخنىكا خادىملىرى قوشۇنى بارلىققا كەلدى. تەربىيىلەنگەن كۇرسانتلار 1938 - يىلى ھەرقايسى ئىش ھالقىلىرىدا نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاپ مۇستەقىل مەشغۇلات قىلالايدىغان سەۋىيىگە يەتتى. بۇ يېرىم يىل جەريانىدىكى كۇرسلارغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىنژېنېر، تېخنىكلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كارخانا باشقۇرۇش، ئىقتىسادىي ئۇنۇم، سەرپىيات، ئىلمىي باشقۇرۇش كۆرسەتكۈچى بويىچە دەرس ئۆتتى.

1938 - يىل 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى ماۋ زېمىن شىنجاڭ باسما زاۋۇتىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاپ لېنتا كەستى. باسما زاۋۇت رەسمىي ئىشقا كىرىشكەندىن كېيىن، ئاساسىي ۋەزىپىسى شىنجاڭ قەغەز پۇلىنى بېسىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


بولدى. 1941 - يىلى شىڭ شىسەي «ئىسلاھات» زايومىنى بېسىپ تارقاتتى. قەغەز پۇلغا ۋە «ئىسلاھات» زايومىغا خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، موڭغۇلچە خەت بېسىلغانىدى. بۇ زاۋۇتتا شىنجاڭ قەغەز پۇلىدىن 8 خىلى بېسىلغاندىن سىرت، شىنجاڭ ئۆلكىلىك «ئىسلاھات» زايومىدىن بىرنەچچە خىلى بېسىلدى. شۇ چاغدا زاۋۇت شىنجاڭ مالىيە نازارىتىگە بىۋاستە قارىدى.

1945 - يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىڭ شىسەيدىن ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىنمۇ بۇ زاۋۇت يەنىلا يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەشۋىقاتىنى، شۇنداقلا جۇڭخۇا مىنگونىڭ قەغەز پۇللىرىنى بېسىپ تۇردى. بۇ 10 يىل (1936 ـ 1945) جەرياندا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەتبەئەچىلىك ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىس، ئىنژېنېرلىرى يېڭى مەتبەئەچىلىك ھۈنىرىنى، بولۇپمۇ مىخ مەتبەئە، تەكشى مەتبەئە، قاتتىق مۇقاۋىلاش، ھەرپ قۇيۇش قاتارلىق ھۈنەرلىرىنى بىزگە قالدۇردى. شىنجاڭ باسما زاۋۇتى بوران - چاپقۇنلۇق 11 يىلنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن 1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىللىق قوينىغا ئۆتتى.

1952 -، 1953 - يىللىرى شىنجاڭ باسما زاۋۇتى ئاساسلىقى كىتاب - ژۇرناللارنى بېسىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى، ماشىنا- ئۈسكۈنە، تېخنىكا، ئىشلەپچىقىرىش، باشقۇرۇشنى دۆلەت نەشرىيات - باسما ئورگىنى تىزگىنلىدى. 1953 - يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ قارمىقىدا بولدى.

1953 - يىلى شىنجاڭ باسما زاۋۇتى «ئالغا گېزىتى»، لىچۈن ساناھەت شىركىتى باسما زاۋۇتى (يېڭى باسما زاۋۇتى) بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 390 گە يەتتى. بۇ زاۋۇتتا شىنجاڭنىڭ ئاشلىق بېلىتى، رەخت بېلىتى، گۆش، شېكەر، تاماكا ۋە پاختا بېلەتلىرى يەنە دەپتەر، تالون، چەك، بانكا ھېسابات دەپتىرى، خەزىنە چېكى قاتارلىقلارمۇ بېسىلدى. بۇ زاۋۇت شىنجاڭ بويىچە بىردىن بىر نۇقتىلىق مەتبەئە كارخانىسى بولغاچقا، ھەر خىل نازۇك باسما مەھسۇلاتلىرى — داھىيلارنىڭ سۈرەتلىرى، توم - كىتابلىرى، مەھسۇلات ماركىلىرى مۇشۇ زاۋۇتتا بېسىلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە زاۋۇت نامى «قىزىل قوغدىغۇچىلار» تەرىپىدىن «كونا قالدۇق»، «كونىلىق» دەپ قارىلىپ «شىنجاڭ ئىشچى - دېھقان - ئەسكەرلەر باسما زاۋۇتى» دەپ ئۆزگەرتىلدى.

1978 - يىلى زاۋۇتنىڭ نامى «شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى» دەپ ئۆزگەرتىلدى.

1938 - يىلدىن 1956 - يىلغىچە مەتبەئە ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ھەممىسى چەت ئەلدىن كىرگۈزۈلگەنىدى. 1960 - يىللاردىن كېيىن دۆلىتىمىز «ئۆز كۈچىگە تايىنىش» دېگەن چاقىرىقنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەتبەئە ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى ئۆزى ياساپ، ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەيدىغان سەۋىيىگە يەتكەندىن كېيىن، دۆلىتىمىزدە ياسالغان ئۈسكۈنىلەر ئىشلىتىلدى.

1984 - يىلى گوۋۇيۈەن ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ مەتبەئەچىلىك ھۈنەر - سەنئىتىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن كۆپلىگەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، خەلقئارادا ئالدىنقى قاتاردا













**مەزكۇر زاۋۇتتا بېسىلغان ئۆلكە پۇلى ۋە ئاشلىق بېلىتى**

تۇرىدىغان ھېيدېلبېرگ رەڭلىك باسما ماشىنىسى (گېرمانىيە)، رەڭ ئايرىش ماشىنىسى (ياپونىيە)، لازېر نۇرلۇق نابور تىزىش ماشىنىسى ـ لىنوتىپ (ئەنگلىيە)، موللېرمارتىن (شۋېيتسارىيە)، فوتونابور (دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن) قاتارلىقلار ۋە بەت قاتلاش، مۇقاۋىلاش، كېسىش، تۇپلەش، تىكىش، يېلىملاش بىر گەۋدە قىلىنغان تۇپلەش ماشىنىسى قاتارلىقلارنى كىرگۈزدى.

شىنخۇا باسما زاۋۇتى كۆپ مىللەت توپلاشقان، كۆپ خىل تىلدا كىتاب ـ ژۇرنال باسىدىغان زاۋۇت، نۆۋەتتە زاۋۇتنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىسى 1206گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەۋاتقانلار 566، دەم ئېلىشقا چىققانلار 640. ھازىر شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە، موڭغۇلچە، شىبەچە ھەم خەنزۇچىدىن ئىبارەت ئالتە خىل يېزىقتا كىتاب ـ ژۇرنال بېسىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىش مەنبەسى تولۇق بولۇپ، دەرسلىكلەرنىڭ 85%نى، ھەرقايسى نەشرىياتلارنىڭ، بانكىلارنىڭ، شىركەتلەرنىڭ، شەخسلەرنىڭ ھەر خىل زاكازلىرىنى باسىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇستەقىل دۆلەتلەرنىڭ كىتاب ـ ژۇرناللىرىنى ۋاكالىتەن بېسىپ بېرىشنىمۇ ئۈستىگە ئالغان. شۇڭا بۇ مەتبەئە كارخانىسى دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق كارخانا ھەمدە غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە بويىچە مۇئەسسەسىلىرى تولۇق، يۈرۈشلەشكەن، زامانىۋىلاشقان مەتبەئە كارخانىسى.

---

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

1. «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 6 ـ سان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىل نەشرى.
2. شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن تۈزۈلگەن خەنزۇچە ئىچكى ماتېرىيال. 1988 ـ يىل.

تەھرىرلىگۈچى: پولات ھېمىت

# لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەسەرلىرىنىڭ چەت ئەللەردە نەشر قىلىنىش ئەھۋالى


ماھمۇد زەيدى

(شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن)


لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەسەرلىرى ئۇ ھايات چاغلىرىدىلا شىنجاڭدىكى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغانىدى. ئەينى يىللاردا غۇلجىدا ئۇيغۇرچىدىن باشقا قازاقچە، رۇسچە، خەنزۇچە، ئۆزبېكچە گېزىت - ژۇرنال 11 خىلغا يېتەتتى. ئۇ گېزىت - ژۇرناللارنىڭ ھەممىسىدە لۇتپۇللانىڭ ئەسەرلىرىنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. ئۇنىڭ «ئۆلۈم ئالدىدا»، «ئەجەل ھودۇقۇشىدا» (فېلىيەتون)، «يىللارغا جاۋاب»، «ياشلىق ئۆگەن»، «كۆكلەم ئىشقى»، «پەريات»، «ئەپەندى بولماق» ۋە «قىتئەلەر» قاتارلىق ئەسەرلىرى «ئالماناخ» نىڭ باش تەرىپىدىن ئورۇن ئالغانىدى. لۇتپۇللانىڭ ئەسەرلىرىنى ھەرخىل تىلدا چىقىدىغان ئەشۇ گېزىت - ژۇرناللار ئارقىلىق دەسلەپكى قەدەمدە چەت ئەل ئوقۇرمەنلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشكەن دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى لۇتپۇللانىڭ «يىللارغا جاۋاب» ۋە «ئەجەل ھودۇقىشىدا» قاتارلىق ئەسەرلىرى خ . خوسەيىنىنىڭ رۇسچىغا تەرجىمە قىلىشى بىلەن غۇلجىدىكى «گراژدانلار جەمئىيىتى» تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان رۇسچە گېزىتتە ئېلان قىلىنغاندا ئاجايىپ يۇقىرى باھا بېرىلگەن.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەسەرلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى مەتبۇئاتلىرىدا كۆپرەك ئېلان قىلىندى. 1950 ـ، 1960 ـ يىللاردىكى «كوممۇنىزم تۇغى» ۋە «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىدە، 1980 ـ يىللاردىكى «ئۇيغۇر ئاۋازى»، «بىزنىڭ ۋەتەن» گېزىتلىرىدە ۋە قازاقىستان يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى «پەرۋاز» ۋە «ئارزۇ» ناملىق پەسىللىك ژۇرناللاردا تونۇشتۇرۇلدى.

1951 ـ يىلى مەشھۇر ئەدەبىياتشۇناس قادىر ھەسەنوف ئالمۇتادا لوتپۇللا مۇتەللىپنىڭ 30 نەچچە شېئىرىنى شىنجاڭ كىتابخانىلىرىغا ئاتاپ، ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا «يىللارغا جاۋاب» نامى بىلەن كىتابچە قىلىپ نەشر قىلدۇرۇپ شىنجاڭغا ئەۋەتىپ بەردى، بۇ لۇتپۇللانىڭ تۇنجى توپلىمى ئىدى. 1958 ـ يىلى تاشكەنتتە چىقىرىلغان «شىنجاڭ شائىرلىرى» (ئۆزبېكچە) توپلىمىغا، 1961 ـ يىلى «شەرق يۇلتۇزى» (ئۆزبېكىستان يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى) غا لۇتپۇللا ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلدى. 1962ـ يىلى ئالمۇتا گۈزەل ئەدەبىيات نەشرىياتى «لۇتپۇللا تاللانغان ئەسەرلىرى ۋە شائىر ھاياتى» دېگەن كىتابنى نەشر قىلدى. 1966ـ يىلى ئالمۇتا شەھىرىدە رۇسچە چىقىرىلغان «ئۇيغۇر سوۋېت ئەدەبىياتى» ناملىق كىتابتا ۋە 1971 ـ 1979 ـ يىللاردا ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۈزگەن «ئۇيغۇر رېئالىستىك

ئەدەبىياتى» ناملىق ئىككى توملۇق ئۆزبېكچە كىتابتا لۇتپۇللاغا ئالاھىدە باب ئاجرىتىلىپ، ئۇنىڭ سۈرىتى، شېئىرلىرى، ھاياتى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلدى. شۇ يىللاردا لۇتپۇللا «ئۆزبېك سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيىسى» گىمۇ كىرگۈزۈلدى. 1974 - يىلى ئى. روزىباقىيېف لۇتپۇللا مۇتەللىپنى باش تېما قىلىپ تۇرۇپ دىسسىرتاتسىيە ياقلىدى.

1975 - ، 1976 - يىللاردا موسكۋادا نەشر قىلىنغان لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ تولۇقلانغان رۇسچە توپلىمىغا ئۇنىڭ 65 شېئىرى، بىر داستانى، ئىككى فېلىيەتونى، ئىككى كومېدىيىسى، ئۈچ ماقالىسى كىرگۈزۈلدى.

1976 - يىلى قازاقىستاندا نەشر قىلىنغان «لۇتپۇللا ئەسەرلىرى تاللانمىسى» غا شائىر م. ھەمرايېف ئۇزۇن ماقالە يېزىپ شائىرنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى. شۇ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى (ئاكادېمىك) مۇراد ھەمرايېف «گۈلدۈرمامىلىق چاقماق» نامىدا لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەسەرلىرىنى رۇسچىغا تەرجىمە قىلىپ «پراۋدا» نەشرىياتىدا نەشر قىلدۇردى. شائىر، ئەدەبىياتشۇناس مەسۇمجان زۇلپىقار «لۇتپۇللا» نامىدا رومان يازدى. خىزمەت ئابدۇللىن «يىللارغا جاۋاب» ناملىق پوۋېست ئېلان قىلدى. قازاقىستان ۋە ئۆزبېكىستاندا لۇتپۇللانىڭ 50 يىللىقى، 60 يىللىقى ۋە 70 يىللىقى تەنتەنىلىك خاتىرىلىنىپ لېكسىيىلەر ئوقۇلدى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئىجادىيىتىنىڭ ئېنگلىز ۋە فرانسۇز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىشىغا كەلسەك، بۇنىڭ جەريانى مۇنداق: 1956 - ، 1957 - يىللىرىدا پېشقەدەم ئۇيغۇر شائىر، يازغۇچىلار ئەسەرلىرى توپلاملىرى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغانىدى، شۇ چاغدا بېيجىڭ يازغۇچىلار نەشرىياتى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ تاللانما ئەسەرلىرىنى خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلدى، 1959 - يىلى مەملىكەت بويىچە تارقىتىلغان خەنزۇ تىلىدىكى «ئىنقىلابىي قۇربانلار شېئىرلىرى توپلامى» غا لۇتپۇللانىڭ شېئىرلىرى كىرگۈزۈلدى. بۇ توپلاملاردىكى شېئىرلىرى ئېنگلىز ۋە فرانسۇز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ، چەت ئەل كىتابخانىلىرىدىمۇ چوڭقۇر تەسىرات پەيدا قىلدى.

1991 - يىلى ياپونىيىلىك تائاكو نىشىۋاكى «جۇڭگو ئازسانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئەسەرلىرى مەجمۇئەسى» دىكى ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ، «يىپەك يولى ئەدەبىياتى» نامىدا بىر يۈرۈش كىتاب نەشر قىلغان، بۇ كىتابلاردا قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر بېرىلگەندىن سىرت، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ تەرجىمىھالى، «يىللارغا جاۋاب»، «جۇڭگو» قاتارلىق شېئىرلىرىنىڭ ئەسلى تېكستى بىلەن ياپونچە تەرجىمىسى بىللە بېرىلگەن.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەسەرلىرى ھازىرغىچە دۆلىتىمىزدە ئۇيغۇرچە ئۈچ قېتىم، خەنزۇچە ئىككى قېتىم نەشر قىلىندى، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپ دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزۈلدى؛ چەت ئەللەردە ئۇيغۇرچە تۆت قېتىم، ئۆزبېكچە ئىككى قېتىم، قازاقچە بىر قېتىم، رۇسچە ئىككى قېتىم نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. لۇتپۇللانىڭ ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن كىنو فىلىملىرىمۇ ئىشلەندى. ئۇنىڭ «يىللارغا جاۋاب» ناملىق شېئىرىنى ئوقۇغان رۇس كىتابخانلىرىدا ئاجايىپ تەسىرلىك ئىنكاسلار بولغان.

تەھرىرلىگۈچى: جەمىلە ئابلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ تاتارلىرىنىڭ مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئۈستىدە تەھلىل

جۇ جيەنخۇا

(ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىدىن)

تاتارلار — دۆلەت ھالقىغان مىللەت. چەت ئەللەردە ئاساسەن ياۋروپانىڭ شەرقىدىكى ۋولگا دەرياسى ۋادىسى بىلەن كاما دەريا كېچىكى ئەتراپىغا تارقالغان. تاتارلار ئۇ يەردىكى تاتارلارنى ۋولگا تاتارلىرى دەيمۇ، قازان تاتارلىرى دەپمۇ ئاتايدۇ، ئۇلار دۇنيا تاتارلىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ھېسابلىنىدۇ. جۇڭگودىكى تاتارلار 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا رۇس ئىمپېرىيىسى تەۋەسىدىكى قازان، ئۇفا، ئاقمولا شەھەرلىرىدىن كۆچۈپ كەلگەن بولۇپ، ئاساسەن شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان. 5 - قېتىملىق مەملىكەت بويىچە ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە ئېلىنغان مەلۇماتقا قارىغاندا، 2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ نوپۇسى 18 مىليون 462 مىڭ 600 بولۇپ، تاتارلار 4501گە يېتىپ، شىنجاڭ ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 0.024%نى ئىگىلىگەن. شىنجاڭدىكى تاتارلارنىڭ 95%تىن كۆپرەكى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىگە تارقالغان، تاتارلار 600دىن ئاز، 100دىن كۆپ ناھىيە (شەھەر، رايون) 13. تاتارلار تارقاق ئولتۇراقلاشقان مىللەت، شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى مۇقەررەر ھالدا تۇرۇشلۇق رايوندىكى ئاھالىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى ئىچىدە بولىدۇ. ئاھالىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى بىر خىل ئۇنىۋېرسال كۆرسەتكۈچنىڭ گەۋدىلىنىشى، ئۇ مەزكۇر مىللەت جايلاشقان رايوننىڭ سىياسىي مۇھىتى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، تۇرمۇش سۈپىتى، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى قاتارلىقلار بىلەن چەمبەرچەس مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، شىنجاڭدىكى تاتارلار جايلاشقان رايونلارنىڭ ئىقتىسادى ئارقىدا قالغان، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەن، بىر قىسىم كىشىلەرلا باشلانغۇچ تەربىيىسى ئالغان بولغاچقا، ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا ئۇلارنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ساپاسى يۇقىرى ئەمەس ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ھەم



زامانىۋى پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى ئارقىسىدا تاتارلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەر بولدى (1 - جەدۋەلگە قارالسۇن).

**شىنجاڭ تاتارلىرىنىڭ 6 ياش ۋە 6 ياشتىن يۇقىرى ئاھالىسىنىڭ 1990 - ۋە 2000 - يىللاردىكى مەلۇماتى ①**

1 - جەدۋەل

بىرلىكى: ئادەم

| يىللار | جىنسى | ئالىي مەكتەپ تولۇق كۇرس | ئالىي مەكتەپ مەخسۇس كۇرس | تېخنىكوم | تولۇق ئوتتۇرا | تولۇقسىز ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1990 - يىل | جەمئىي | 159 | 128 | 293 | 539 | 1088 | 1623 |
| | ئەر | 85 | 68 | 147 | 243 | 584 | 891 |
| | ئايال | 74 | 60 | 146 | 296 | 504 | 732 |
| 2000 - يىل | جەمئىي | 263 | 295 | 417 | 526 | 1306 | 1233 |
| | ئەر | 122 | 144 | 197 | 274 | 719 | 677 |
| | ئايال | 141 | 151 | 220 | 252 | 587 | 556 |

### 1. ھەر خىل مەلۇماتلىق ئاھالىنىڭ نىسبىتى خېلى يۇقىرى

4 - ۋە 5 - قېتىملىق مەملىكەت بويىچە ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە ئېلىنغان مەلۇماتقا قارىغاندا، تاتارلاردىن باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىدىن يۇقىرىلار 2000 - يىلى 1990 - يىلدىكى 3830 دىن كۆپىيىپ 4045 كە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 1233، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 1306، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 526، تېخنىكوم مەلۇماتىدىكىلەر 417، ئالىي مەكتەپ مەخسۇس كۇرس مەلۇماتىدىكىلەر 295، تولۇق كۇرس سەۋىيىسىدىكىلەر 263، ئاسپىرانت 5. 2000 - يىلى شىنجاڭ تاتارلىرىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىدىن يۇقىرى ئاھالىسى 6 ياش ۋە 6 ياشتىن يۇقىرى بولغان 4155 ئادەمنىڭ («شىنجاڭنىڭ 2000- يىللىق 5 - قېتىملىق مەملىكەت بويىچە ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى» نىڭ 314 - بېتىدىن ئېلىنىدى) 97.35% نى ئىگىلەپ، باشقا مىللەتلەرنىڭكىدىن ئۈستۈن تۇرغان. ئۇيغۇرلار ئىگىلىگەن 88.31% تىن 9.04 پىرسەنت يۇقىرى، قازاقلار ئىگىلىگەن 96.10% تىن 1.25 پىرسەنت يۇقىرى، قىرغىزلار ئىگىلىگەن 33.65% تىن 63.70 پىرسەنت يۇقىرى، تاجىكلار ئىگىلىگەن 85.10% تىن 12.25 پىرسەنت يۇقىرى، ئۆزبېكلەر ئىگىلىگەن 96.40% تىن 0.95 پىرسەنت يۇقىرى، رۇسلار ئىگىلىگەن 86.26% تىن 11.09 پىرسەنت يۇقىرى، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسى ئىگىلىگەن 91.05% تىن 6.30 پىرسەنت يۇقىرى بولغان.

تۆۋەندە ئون مىڭ كىشى بويىچە تاتار

ئوقۇغۇچىلارنىڭ 1980 - يىلدىكى ئەھۋالى بىلەن 1995 - يىلدىكى ئەھۋالىنى بىر قۇر سېلىشتۇرۇپ چىقىمىز؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭدىكى باشقا مىللەتلەر بىلەن بىر قۇر سېلىشتۇرۇپ چىقىمىز (2 - جەدۋەلگە قارالسۇن).

هەر ئون مىڭ كىشى بويىچە تاتار ئوقۇغۇچىلار بىلەن باشقا مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سېلىشتۇرمىسى ②

2 - جەدۋەل بىرلىكى: ئادەم

| مىللەتلەر | ئالىي مەكتەپ | | تېخنىكوم | | تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ | | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ | | باشلانغۇچ مەكتەپ | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1980 - يىل | 1995 - يىل | 1980 - يىل | 1995 - يىل | 1980 - يىل | 1995 - يىل | 1980 - يىل | 1995 - يىل | 1980 - يىل | 1995 - يىل |
| ھەر مىللەت-خەلق ئوتتۇ-رىچىسى | 11.3 | 27.5 | 33.7 | 42.7 | 117 | 88 | 538 | 379 | 1637 | 1371.3 |
| ئۇيغۇر | 8.3 | 24.4 | 29.9 | 32.2 | 61 | 44.2 | 277 | 348.1 | 1329 | 1593 |
| خەنزۇ | 14.9 | 32.9 | 38.5 | 53.5 | 186 | 143.9 | 847 | 410.2 | 1990 | 10104 |
| قازاق | 12 | 30.1 | 40.6 | 58.8 | 117 | 83.1 | 495 | 432.3 | 1786 | 1750.6 |
| خۇيزۇ | 2.6 | 7.2 | 10.9 | 20.1 | 53 | 50.6 | 390 | 379.7 | 1319 | 1551.6 |
| قىرغىز | 5.4 | 18.5 | 18.5 | 50.2 | 54 | 57.1 | 239 | 302.9 | 1394 | 1749.6 |
| موڭغۇل | 14.9 | 30.2 | 64.9 | 100.8 | 119 | 197.5 | 557 | 394.7 | 1651 | 1330.2 |
| شىبە | 69.6 | 57.4 | 71.2 | 58 | 256 | 224 | 910 | 591.3 | 1995 | 1212.3 |
| تاجىك | 7.7 | 22.3 | 16.2 | 35.7 | 72 | 57.5 | 320 | 232.3 | 1506 | 1752.1 |
| ئۆزبېك | 98.6 | 125.6 | 125.7 | 103.3 | 138 | 140.6 | 391 | 351.3 | 791 | 707.4 |
| تاتار | 97.5 | 164.3 | 31.8 | 80.9 | 77 | 188.1 | 348 | 454.8 | 817 | 1033.6 |
| داغۇر | 32.3 | 95 | 55.8 | 95 | 70 | 102.8 | 510 | 456.8 | 1570 | 1267.6 |
| مانجۇ | 59.9 | 38.4 | 37.7 | 42.6 | 228 | 75.8 | 536 | 511.4 | 631 | 855.1 |
| رۇس | 16 | 67.8 | 16.1 | 79.6 | 166 | 239.1 | 150 | 438.9 | 67 | 842.2 |
| باشقىلار | 17 | 9.6 | 22 | 17.8 | 35 | 45.9 | 350 | 112.6 | 322 | 744.4 |

سېلىشتۇرۇشتىن تاتار ئاھالىسىنىڭ بىلىم سەۋىيىسىنىڭ خېلى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. 1995 - يىلى ھەر ئون مىڭ كىشى بويىچە تاتار ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 164.3 بولۇپ، شىنجاڭدىكى 13 مىللەت ئىچىدە 1 - ئورۇندا

تۇرغان، بۇ 1980 - يىلدىكىنىڭ 2.07 ھەسسىسىگە توغرا كېلىپ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرىچە سانى بولغان 27.5 ئادەمدىن 136.8 ئادەم كۆپ بولغان؛ تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى 80.9 بولۇپ، شىنجاڭدىكى 13 مىللەت ئىچىدە ئۆزبېك، موڭغۇل ۋە داغۇردىن كېيىنلا 4 - ئورۇندا تۇرغان، بۇ 1980 - يىلدىكىنىڭ 2.54 ھەسسىسىگە توغرا كېلىپ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرىچە سانى بولغان 42.7 ئادەمدىن 38.2 ئادەم كۆپ بولغان؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 188.1 بولۇپ، شىنجاڭدىكى 13 مىللەت ئىچىدە رۇس، شىبە ۋە موڭغۇلدىن كېيىنلا 4 - ئورۇندا تۇرغان، بۇ 1980 - يىلدىكىنىڭ 2.4 ھەسسىسىگە توغرا كېلىپ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرىچە سانى بولغان 88 ئادەمدىن 100.1 ئادەم كۆپ بولغان؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 454.8 بولۇپ، شىنجاڭدىكى 13 مىللەت ئىچىدە شىبە، مانجۇ ۋە داغۇردىن كېيىنلا 4 - ئورۇندا تۇرغان، بۇ 1980 - يىلدىكىنىڭ 1.31 ھەسسىسىگە توغرا كېلىپ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرىچە سانى بولغان 379 ئادەمدىن 75.8 ئادەم كۆپ بولغان؛ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 1033.6 بولۇپ، شىنجاڭدىكى 13 مىللەت ئىچىدە 9 - ئورۇندا تۇرغان، بۇ 1980 - يىلدىكىنىڭ 1.27 ھەسسىسىگە توغرا كېلىپ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرىچە سانى بولغان 1371.3 ئادەمدىن 337.7 ئادەم ئاز بولغان.

تاتارلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى مەملىكەت بويىچە خەنزۇ ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن يۇقىرى. 5 - قېتىملىق مەملىكەت بويىچە ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، 2000 - يىلى شىنجاڭ تاتارلىرىدىن ھەر ئون مىڭ كىشى بويىچە ھەرخىل مەلۇماتلىقلارنىڭ سانى مۇنداق: ئالىي مەكتەپ (ئالىي تېخنىكومنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) مەلۇماتىدىكىلەر 1240 بولۇپ، 1990 - يىلدىكى 287 دىن 953ى كۆپەيگەن؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ (تېخنىكومنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) مەلۇماتىدىكىلەر 1043 بولۇپ، 1990 - يىلدىكى 536 دىن 507 سى كۆپەيگەن؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 2902 بولۇپ، 1990 - يىلدىكى 1088 دىن 1814 ى كۆپەيگەن؛ باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 1233 بولۇپ، 1990 - يىلدىكى 1623 تىن 390 ى ئازىيىپ كەتكەن (3 - ۋە 4 - جەدۋەلگە قارالسۇن).

**شىنجاڭ تاتارلىرىدىن ھەر ئون مىڭ كىشى بويىچە 1990 -، 2000 - يىللىرىدىكى ھەر خىل مەلۇماتلىقلارنىڭ سانى ③**

3 - جەدۋەل

بىرلىكى: ئادەم

| مەلۇماتى / يىللار | ئالىي مەكتەپ (ئالىي تېخنىكوم) | تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ (تېخنىكوم) | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ | باشلانغۇچ مەكتەپ |
|---|---|---|---|---|
| 1990 | 287 | 536 | 1088 | 1623 |
| 2000 | 1240 | 1043 | 2902 | 1233 |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



### ھەر ئون مىڭ كىشى بويىچە شىنجاڭ تاتارلىرى ئىچىدىكى ھەر خىل مەلۇماتلىقلار سانى بىلەن مەملىكەت بويىچە خەنزۇ ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى مەلۇماتلىقلار سانىنىڭ 1990 - يىلدىكى سېلىشتۇرمىسى ④

4 - جەدۋەل　　　　　بىرلىكى: ئادەم

| مەلۇماتى / مىللەت | ئالىي مەكتەپ (ئالىي تېخنىكوم) | تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ (تېخنىكوم) | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ | باشلانغۇچ مەكتەپ |
|---|---|---|---|---|
| خەنزۇ | 143.1 | 811.2 | 2385.4 | 3704.5 |
| ئاز سانلىق مىللەت | 91 | 581.6 | 1611.2 | 3725.1 |
| تاتار | 287 | 536 | 1088 | 1623 |

### 2. تاتارلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ياش، جىنس جەھەتتىكى پەرقى

1) ئوخشاش بولمىغان ياش قورامدىكىلەرنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى ئوخشاش ئەمەس. 4 - قېتىملىق مەملىكەت بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، 1990 - يىلى مەملىكەت بويىچە تاتارلارنىڭ مەلۇمات قۇرۇلمىسى جەھەتتە ئوخشاش بولمىغان ياش قورامدىكىلەردە مەلۇم پەرقلەر بار ئىكەن (5- جەدۋەلگە قارالسۇن).

### 1990 - يىلى مەملىكەت بويىچە تاتارلارنىڭ مەلۇمات جەھەتتە ياشقا قاراپ ئايرىلىشى ⑤

5 - جەدۋەل　　　　　بىرلىكى: ئادەم

| يېشى | جەمئىي | ئالىي مەكتەپ تولۇق كۇرس | ئالىي مەكتەپ مەخسۇس كۇرس | تېخنىكوم | تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ | باشلانغۇچ مەكتەپ |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئومۇمىي جەمئىي | 3934 | 183 | 130 | 292 | 555 | 1114 | 1654 |
| 6 — 9 | 357 | | | | | | 357 |
| 10 — 14 | 659 | | | | 2 | 184 | 473 |
| 15 — 19 | 676 | 15 | 7 | 36 | 203 | 269 | 146 |
| 20 — 24 | 520 | 42 | 20 | 57 | 118 | 157 | 126 |
| 25 — 29 | 404 | 26 | 25 | 55 | 76 | 147 | 75 |
| 30 — 34 | 321 | 21 | 13 | 37 | 48 | 95 | 107 |
| 35 — 39 | 221 | 13 | 12 | 29 | 19 | 80 | 68 |
| 40 — 44 | 184 | 8 | 11 | 21 | 27 | 55 | 62 |
| 45 — 49 | 193 | 22 | 14 | 29 | 22 | 43 | 63 |
| 50 — 54 | 140 | 19 | 11 | 10 | 20 | 25 | 49 |
| 55 — 59 | 107 | 9 | 10 | 12 | 6 | 24 | 46 |
| 60 — 64 | 66 | 7 | 3 | 4 | 5 | 12 | 35 |
| 65 تىن يۇقىرى | 86 | 1 | 4 | 3 | 9 | 23 | 47 |

تاتارلارنىڭ مەلۇماتىدا 1950 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە خېلى روشەن ئۆزگىرىش بولغان. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى مۇنداق: 35 ياشتىن 44 ياشقىچە بولغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ تەسىرىدە ئازايغان؛ 20 ياشتىن 34 ياشقىچە بولغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى («مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مەكتەپ پۈتتۈرگەن) كۆپىيىشكە يۈزلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىلگىرىكى سەۋىيىگە يەتمىگەن؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا كۆپىيىشكە يۈزلەنگەن.

2) ئوخشاش بولمىغان جىنىستىكىلەرنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى ئوخشاش ئەمەس 2000 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان 5 - قېتىملىق مەملىكەت بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە ئېلىنغان مەلۇماتقا قارىغاندا، شىنجاڭ تاتارلىرى ئىچىدە مەلۇماتلىق ئەرلەر %52.80، ئاياللار %47.20 ئىكەن. ئالىي مەكتەپ تولۇق كۇرس مەلۇماتىدىكى ئەرلەر %46.39نى، ئاياللار %53.61نى ئىگىلەپ، ئاياللار 7.22 پىرسەنت پوئىنتى يۇقىرى چىققان؛ مەخسۇس كۇرس مەلۇماتىدىكى ئەرلەر %48.81نى، ئاياللار %51.19نى ئىگىلەپ، 2.38 پىرسەنت پوئىنتى يۇقىرى چىققان. تېخنىكوم مەلۇماتىدىكى ئەرلەر %47.24نى، ئاياللار %52.76نى ئىگىلەپ، ئاياللار 5.52 پىرسەنت پوئىنتى يۇقىرى چىققان؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىدىكى ئەرلەر %52.09نى، ئاياللار %47.91نى ئىگىلەپ، ئەرلەر 4.18 پىرسەنت پوئىنتى يۇقىرى چىققان؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىدىكى ئەرلەر %55.05نى، ئاياللار %44.95نى ئىگىلەپ، ئەرلەر 10.1 پىرسەنت پوئىنتى يۇقىرى چىققان؛ باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىدىكى ئەرلەر %54.91نى، ئاياللار %45.09نى ئىگىلەپ، ئەرلەر 9.82 پىرسەنت پوئىنتى يۇقىرى چىققان. يۇقىرىدىكى سېلىشتۇرمىدا، ئالىي مەكتەپ تولۇق كۇرس، مەخسۇس كۇرس، تېخنىكوم مەلۇماتىدىكىلەر ئىچىدە ئاياللارنىڭ نىسبىتى ئەرلەرنىڭكىدىن يۇقىرى چىققان، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ، باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر ئىچىدە ئەرلەرنىڭ نىسبىتى ئاياللارنىڭكىدىن يۇقىرى چىققان (6- جەدۋەلگە قارالسۇن).

**2000 - يىلى شىنجاڭدىكى تاتارلارنىڭ مەلۇمات جەھەتتە جىنىسقا قاراپ ئايرىلىشى ⑥**

6 - جەدۋەل

بىرلىكى: ئادەم

| مەلۇماتى | جەمئىي | ئەرلەر | نىسبىتى (%) | ئاياللار | نىسبىتى (%) |
|---|---|---|---|---|---|
| ئومۇمىي جەمئىي | 4040 | 2133 | 52.80 | 1907 | 47.20 |
| ئالىي مەكتەپ | 263 | 122 | 46.39 | 141 | 53.61 |
| ئالىي تېخنىكوم | 295 | 144 | 48.81 | 151 | 51.19 |
| تېخنىكوم | 417 | 197 | 47.24 | 220 | 52.76 |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| تولۇق ئوتتۇرا | 526 | 274 | 52.09 | 252 | 47.91 |
| تولۇقسىز ئوتتۇرا | 1306 | 719 | 55.05 | 587 | 44.95 |
| باشلانغۇچ مەكتەپ | 1233 | 677 | 54.91 | 556 | 45.09 |

**3. ساۋاتسىز، چالا ساۋاتلارنىڭ نىسبىتى خېلى تۆۋەن**

تاتارلاردىكى ساۋاتسىزلىق نىسبىتى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە ئەڭ تۆۋەن ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ساۋاتسىزلىق نىسبىتى ياش گۇرۇپپىسىنىڭ تۆۋەنلىشىشىگە ئەگىشىپ تۆۋەنلىدى، يەنى 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدىكى 5.38% (45 ياشتىن 49 ياشقىچە) تىن 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىكى 2.65% كە (40 ياشتىن 44 ياشقىچە) ۋە 60 ـ يىللاردىكى 4.33% (35 ياشتىن 39 ياشقىچە) كە چۈشتى، كېيىن داۋاملىق تۆۋەنلەپ 1.53% كە (30 ياشتىن 34 ياشقىچە)، 1.70% كە (25 ياشتىن 28 ياشقىچە) ۋە 0.95% كە (20 ياشتىن 24 ياشقىچە) چۈشتى، 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە تۆۋەنلەپ 0.73% كە (15 ياشتىن 19 ياشقىچە) چۈشۈپ، چاۋشيەنزۇ (0.39%)، رۇس (0.54%) ۋە شىبە (0.54%) لەرنىڭكىدىن سەللا يۇقىرى بولدى. 1990 ـ يىلى تاتارلاردىن قورامىغا يەتكەنلەر (15 ياشتىن يۇقىرىلار) نىڭ ساۋاتسىزلىق نىسبىتى تۆۋەنلەپ 4.86% كە چۈشتى، بۇ مەملىكەت بويىچە 56 مىللەت ئىچىدە ئەڭ تۆۋەن نىسبەت.

4 ـ قېتىملىق مەملىكەت بويىچە ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، 1990 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ساۋاتسىز ئاھالە 5 مىليون 720 مىڭ 141 بولۇپ، ئۇنىڭ 2 مىليون 932 مىڭ 467سى ئەر، 2 مىليون 787 مىڭ 674ى ئايال ئىكەن. شىنجاڭ بويىچە ساۋاتسىزلىق نىسبىتى 24.68% بولۇپ، ئەرلەر 22.01% نى، ئاياللار 27.50% نى تەشكىل قىلىدىكەن. تاتارلارنىڭ ساۋاتسىزلىق نىسبىتى بولسا 4.86% بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ساۋاتسىزلىق نىسبىتىگە قارىغاندا 19.82 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەنكەن. 2000 ـ يىلى تاتارلارنىڭ ساۋاتسىزلىق نىسبىتى 2.33% بولۇپ، مەملىكەتنىڭ ساۋاتسىزلىق نىسبىتى 9.08% تىن 6.75 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەن؛ شىنجاڭنىڭ ساۋاتسىزلىق نىسبىتى 5.37% تىن 3.04 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەن بولدى.

**4. مەدەنىيەت، مائارىپ سەۋىيىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال تەڭپۇڭلۇق قىممىتى**

مەدەنىيەت، مائارىپ سەۋىيىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال تەڭپۇڭلۇق قىممىتى ئاھالىنىڭ تەلىم ـ تەربىيە ئالغان يىل سانىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ ئاھالىنىڭ ئومۇمىي مەدەنىيەت ساپاسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان مەزمۇنلارنىڭ بىرى. ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، تاتارلارنىڭ ئومۇمىي خەلق بويىچە تەلىم ـ تەربىيە ئېلىش سەۋىيىسى 1990 ـ يىلغا قەدەر 6.92 يىلغا يەتتى، يەنى ئومۇمىي خەلق بويىچە تەلىم ـ تەربىيە ئېلىش

دەرىجىسى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1 ـ يىللىق سەۋىيىسىگە تەڭ بولدى. بۇ سەۋىيە مەملىكەت بويىچە 56 مىللەت ئىچىدە رۇس (7.26 يىل)، گاۋشەنزۇ (7.11 يىل)، چاۋشيەنزۇ (7.61 يىل) لارنىڭكىدىنلا كېيىن تۇرىدۇ، شىنجاڭنىڭ 6.55 يىللىق ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بولۇپ، شىنجاڭدىكى 13 مىللەت ئىچىدە 9 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ.

تاتارلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى بولۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەر:

1) مائارىپقا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. تاتارلاردا مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىدىغان ياخشى ئەنئەنە بار. ئاتا ـ ئانىلار مائارىپنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىپ يەتكەچكە، پەرزەنتلىرىنىڭ بىلىم ئېلىش ئارقىلىق ئىختىساسلىقلاردىن بولۇشىغا دەسمايىسىنى ئايىمايدۇ.

2) ياخشى، قولايلىق شەرت ـ شارائىتقا ئىگە. ئومۇمەن تاتارلار ئولتۇراقلاشقانلىكى جايلارنىڭ ھەممىسىدە، مەيلى شەھەر ياكى يېزا ـ قىشلاقلاردا بولسۇن، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلغان بولۇپ، تاتارلارنىڭ ئوقۇش يېشىغا يەتكەن بالىلىرىنىڭ يېقىن ئەتراپتىلا مەكتەپكە كىرىپ خاتىرجەم ئوقۇشى ئۈچۈن ئىنتايىن قولايلىق شەرت ـ شارائىت ھازىرلانغان.

3) ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە مائارىپ تارماقلىرى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنى» نى ئەستايىدىل يولغا قويىدى، شىنجاڭ تاتارلىرى مەركەزلىكرەك جايلاشقان ئۈرۈمچى، غۇلجا، چۆچەك، ئالتاي، كۈنەس، گۇچۇڭ قاتارلىق ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە مائارىپ تارماقلىرى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنى» نى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلدى، ئاكتىپ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتىنى، مۇستەھكەملەش نىسبىتىنى ۋە ئومۇملاشتۇرۇش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈپ، 1998 ـ يىلى 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي ۋەزىپىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇنداپ، تاتارلارنىڭ ھەرخىل مەلۇماتلىق ئاھالىسىنىڭ سانىنى خېلى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇپ، ئاھالىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆستۈردى.

4) دۆلەت ئىمتىھان بەرگەن تاتار ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىشتا كەڭچىلىك سىياسىتىنى قوللاندى، يەنى نومۇر چېكىنى تۆۋەنلىتىشتىن ئىبارەت ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى قوللىنىپ، تاتار بالىلىرىنى كۆپرەك ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى.

شىنجاڭ تاتارلىرىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى پۈتكۈل ئاز سانلىق مىللەت مائارىپ ئىشلىرىنىڭ بىر قىسمى. تاتارلارنىڭ تىل ـ يېزىقى بار، ئۇلار يەنە قازاق تىل ـ يېزىقىنى، ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنى بىلىدۇ. تاتارلار جايلاشقان يەرلەردىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تاتارلارنىڭ مائارىپ ئىشلىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا غۇلجا، چۆچەك، ئۈرۈمچى شەھەرلىرىدىن باشلانغان. ئۇ زامانلاردا بۇ ئۈچ شەھەرنىڭ ئاۋات رايونلىرىنىڭ ھەممىسىدە تاتار باشلانغۇچ مەكتەپلىرى (قوشۇمچە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سىنىپلىرى) سېلىنىپ، تاتار پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن قۇلايلىق شەرت - شارائىت يارىتىلغان، تاغلىق رايونلاردىكى تاتار چارۋىچىلار پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇشى يەنىلا خېلى قىيىن ئىدى. شۇ سەۋەبتىن تاتار مائارىپ ئىشلىرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى تەرەققىيات سەۋىيىسى تەكشى بولمىغان، تەرەققىيات سۈرئىتى ئاستا، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى تۆۋەنرەك بولغانىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلدى. كەڭ يېزىلاردا ھەتتا تاغلىق رايونلاردىمۇ (چارۋىچىلىق رايونلىرىدىمۇ) باشلانغۇچ مەكتەپلەر قۇرۇلدى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر قۇرۇلدى. دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەھمىيەت بېرىشى 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا باشلىنىپ، بېيجىڭ، شاڭخەي، خاربىن ۋە شىئەن قاتارلىق شەھەرلەردىكى مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەرگە تاتارلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئەۋەتىپ، شىنجاڭنىڭ مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن بىر تۈركۈم يۇقىرى سەۋىيىلىك مىللىي ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەپ، مىللىي ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى بەرپا قىلدى.

باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى كەڭ تۈردە قۇردى. 50 - يىللاردا ئوقۇش يېشىغا يەتكەن تاتار بالىلىرىنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى مەسىلىسى كۆرۈلمىگەن سەۋىيىگە يەتتى، مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى، مەكتەپ پۈتتۈرۈش نىسبىتى تېز ئۆستى. 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا، تاتار ئوقۇغۇچى مەنبەسى ئازىيىپ كەتكەچكە، ئۈرۈمچى، غۇلجا، چۆچەك شەھەرلىرىدىكى تاتار باشلانغۇچ مەكتەپلىرى (قوشۇمچە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپلىرى) ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ باشقا مەكتەپلەرگە قوشۇۋېتىلدى. ئۈرۈمچى، غۇلجا، چۆچەك شەھەرلىرىدىكى تاتار بالىلىرى شۇ يەردىكى ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتەپلىرىگە كىرىپ ئوقۇدى؛ ئالتاي شەھىرى ۋە چەت - ياقا تاغلىق رايونلاردىكى تاتار چارۋىچىلىرىنىڭ پەرزەنتلىرى شۇ يەرلەردىكى قازاق باشلانغۇچ مەكتەپلىرىگە كىرىپ ئوقۇدى، شۇنىڭ بىلەن ئوقۇش يېشىغا يەتكەن تاتار بالىلىرىنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى، مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى ۋە مەكتەپ پۈتتۈرۈش نىسبىتى مۇقىم ھالەتنى ساقلاپ قالدى.

مائارىپ نازارىتىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، 2000 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان تاتار ئوقۇغۇچى 35، ئوقۇۋاتقىنى 327، مەكتەپ پۈتتۈرگىنى 53 ئىكەن. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلىرى ئىچىدە تاتار ئوقۇتقۇچى ۋە خىزمەتچى 74، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى ئىچىدە تاتار ئوقۇتقۇچى 60 ئىكەن.

ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ (تولۇقسىز ۋە

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى سەل ئاستا ئىدى. ۋىلايەتلەرنىڭ مەمۇرىي ئورگىنى تۇرۇشلۇق يەرلەردە بىردىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ بولغاندىن بۆلەك، يېزىلاردا ۋە تاغلىق رايونلاردا ئوتتۇرا مەكتەپ يوق دېگۈدەك ئىدى، ئايرىم شەھەرلەردە، ئېيتايلۇق، ئۈرۈمچى ۋە غۇلجا شەھىرىدە 1 — 2 مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ بولسىمۇ، لېكىن ئوقۇغۇچى سانى ئىنتايىن چەكلىك ئىدى. تاتار شەھەر ئاھالىسى ۋە تاغلىق رايوندىكى چارۋىچىلار تولىمۇ نامرات بولغاچقا، پەرزەنتلىرىنى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتۇدەك ماداری يوق ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش نۇقتىسى ناھىيە بازارلىرىغا ۋە يېزا-قىشلاقلارغا يۆتكەلدى. 50 نەچچە يىل تىرىشش ئارقىلىق يېزىلىق ھۆكۈمەت جايلاشقان يەرلەردە بىردىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ، ھەربىر ناھىيەدە 1 — 2 تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى ئىچىدە تاتار ئوقۇغۇچى 68، مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەر ئىچىدە تاتار 52، ئوقۇۋاتقانلار ئىچىدە تاتار 212، تاتار كەسپىي ئوقۇتقۇچى 38؛ ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى ئىچىدە تاتار ئوقۇغۇچى 24، مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەر ئىچىدە تاتار 22، ئوقۇۋاتقانلار ئىچىدە تاتار 77؛ تاتار ئوقۇتقۇچى 13؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ (تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئىچىدە تاتار ئىشچى - خىزمەتچى 63.

ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، شىنجاڭدا بىرلا ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ — شىنجاڭ مىللەتلەر دارىلفۇنۇنى بار ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئالىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى خېلى تېز بولدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئالىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، مائارىپ سېلىنمىسىنى كۆپەيتتى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى (ئالىي تېخنىكوم) قۇرۇلدى. ئالىي مەكتەپلەر قوبۇل قىلغان ئوقۇغۇچى ئىچىدە تاتار 25، پۈتتۈرگەنلەر ئىچىدە تاتار 20، ئوقۇۋاتقانلار ئىچىدە تاتار 52، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى ئىچىدە تاتار 33، ئاسپىرانت 5 بولدى ⑦.

ئائىلە تەربىيىسى. تاتارلار: ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تاتار خەلقى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان مەنىۋى بايلىق، ھالبۇكى بۇنداق بايلىقتا پەقەت تەلىم - تەربىيە ئارقىلىقلا ۋارىسلىق قىلغىلى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. تاتارلارنىڭ ئائىلە تەربىيىسى بۇ مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشتا يەنىلا يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. تاتارلارنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە قەۋەت ئامراقلىقى

ئۇلارنىڭ ئائىلە تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىش دەرىجىسىنى بەلگىلىگەن. تاتارلارنىڭ بۇنداق مائارىپ ئىدىيىسى كەڭ تاتار خەلقىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىگە ئايلانغان. ئەينى يىللىرى، زور كۆپچىلىك تاتار ئائىلىسىدە بولۇپمۇ شەھەرلەرگە جايلاشقان تاتار ئائىلىلىرىدە ياكى زىيالىيلار ئائىلىلىرىدە پەرزەنتلەر 20 ياشقا كىرگۈچە، ئاتا - ئانىلار ئالايىتەن تاتار تىل - يېزىقى، تاتار تارىخى، تاتار ئەدەبىيات - سەنئىتى (ئۇسسۇل ۋە مۇزىكا)، تاتارلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى ۋە كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى قاتارلىقلارنى دەرس قىلىپ ئۆتەتتى. شۇڭا، ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان تاتارلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى تاتارلار ئاممىسى ئىچىدە كەڭ تارقالغان ۋە ۋارىسلىق قىلىنغان، يەنە كېلىپ شىنجاڭدا ياشاپ كەلگەن باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

ئىزاھلار:

①③④ «شىنجاڭنىڭ 1990 - يىلدىكى 4 - قېتىملىق مەملىكەت بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى»، «شىنجاڭنىڭ 2000 - يىلدىكى 5 - قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى».

② «شىنجاڭ مائارىپى ستاتىستىكا ماتېرىياللىرى» 1980 - يىللىق، 1995 - يىللىق.

⑤ «1990 - يىللىق مىللەت، نوپۇس ماتېرىياللىرى»، جۇڭگو ستاتىستىكا نەشرىياتى، 1994 - يىل 5 - ئاي.

⑥ 2000 - يىلى 5 - قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشتە ھاسىل قىلىنغان مۆجەتلەرگە ئاساسەن ھېسابلاندى.

⑦ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مائارىپ ستاتىستىكا ماتېرىياللىرى، 2001 - يىللىق».

نۇرمۇھەممەد دۆلەتى تەرجىمىسى

## ئىلى جاڭجۈنى

ئىلى جاڭجۈنىنىڭ تولۇق ئاتىلىشى «ئىلى قاتارلىق جايلارنى بىرتۇتاش باشقۇرغۇچى جاڭجۈن». ئۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 27 - يىلى (1762 - يىلى) كۈرەدە تەسىس قىلىنغان، ئۈرۈمچى تۇتۇق بېگى، مۇسۇلمانلار ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى مەسلىھەتچى ئامبال، ئىلى مەسلىھەتچى ئامبىلى، تارباغاتاي مەسلىھەتچى ئامبىلى، جايلاردا مۇداپىئەدە تۇرغۇچى مانجۇ، شىبە، سولۇن، چاخار، ئۆيرات قوشۇنلىرى ۋە يېشىل تۇغلۇق ئەسكەرلەرنىڭ ئىشلىرىنى بىرتۇتاش باشقۇرىدىغان ھەمدە تاشقى ئىشلارنى قوشۇمچە باشقۇرىدىغان شىنجاڭدىكى ئەڭ ئالىي مۇلكى، مەمۇرىي ئەمەلدۇر. تۇڭجى 10 - يىلى (1871 - يىلى) دىن گۇاڭشۇ 8 - يىلى (1882-يىلى) غىچە بولغان ئارىلىقتا چارروسىيە ئىلىنى تاجاۋۇز قىلىپ بېسىۋالغان مەزگىللەردە ۋاقىتىنچە چۆچەك قاتارلىق جايلاردا تۇرغان. شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن پەقەت ئىلى، تارباغاتايدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلارنى باشقۇرىدىغان، شۇ يەردىكى مەمۇرىي ئىشلارنى نازارەت قىلىدىغان بولۇپ قالدى، شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن بىكار قىلىندى.

# شائىر تۇردى قارى ۋە سۇلتان ئۇۋەيسخان مازىرى

غوجائەخمەت يۇنۇس

(ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىدىن)

غۇلجا ناھىيىسىدىكى مازار يېزىسىنىڭ شەيخ مەھەللىسىگە جايلاشقان سۇلتان ئۇۋەيسخان مازىرىدا دىنىي خادىم بولۇپ ئىشلىگەن تۇردى قارى موللا ئابدۇلھېلىم (1851 — 1928) شۇ يەردە دۇنياغا كېلىپ، ھاياتىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزگەن ئىستېداتلىق شائىر. ئۇنىڭ 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىجاد قىلغان نۇرغۇن شېئىرلىرى ھاپىزلارنىڭ ئامما ئارىسىدا (كۆپىنچە دىنىي مۇراسىملاردا) ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىشى ئارقىلىق ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ ساقلىنىپ كەلگەن.

نىلقا ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ خادىمى ئابدۇقەييۇم ئىدرىسىنىڭ ئىزدىنىپ ئېنىقلىشىچە، تۇردى قارى 1851 - يىلى خۇشنىياز ئىسىملىك دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 1866 — 1872 - يىلغىچە غۇلجا شەھىرىگە كىرىپ، بەيتۇللا مەدرىسىسىدە ئەينى ۋاقىتتىكى دىنىي ئۆلىمالاردىن بىلىم ئالغان، ئاندىن كېيىن مازارغا قايتىپ بېرىپ، مەكتەپ ئېچىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ شېئىر، بېيىت توقۇشتا ماھىرلىقى بىلەن يىراق - يېقىنغا تونۇلۇشقا باشلىغان. تۇردى قارى بۇ شېئىر، بېيىتلىرىدا ئۆزىنى «ئابدۇلھېلىم» دەپ ئاتىغان، مازار تەۋەسىدىكى كىشىلەر ئۇنى «موللا ئابدۇلھېلىم»، «موللا دادام» دەپ ئاتاشقان. تۇردى قارى 1928 - يىلى شەيخ مەھەللىسىدە ۋاپات بولغان.

تۇردى قارىنىڭ شېئىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى دىنىي تېمىدىكى شېئىرلار، ئەمما ئۇنىڭ ئىلىم - مەرىپەت ئۆگىنىشكە ئۈندىگەن، ئەدەپلىك - ئەخلاقلىق بولۇشقا دەۋەت قىلغان، ھالال ئەمگەكنى مەدھىيىلىگەن، تەييارتاپلىقنى قاتتىق سۆككەن بىرمۇنچە شېئىرلىرىمۇ بار. تۇردى قارىنىڭ دىنىي شېئىرلىرىنىڭمۇ بەلگىلىك تارىخىي قىممىتى بار. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «ۋەيسىل قىران مازارىنىڭ ياسالغان تارىخلارى» ناملىق ئۇزۇن شېئىرى كىشىلەرگە ھازىرغىچە سىرلىق بولۇپ كېلىۋاتقان سۇلتان ئۇۋەيسخان مازىرىنىڭ قاچان ۋە كىم تەرىپىدىن ياسالغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدىغان تارىخىي ئىسپات ماتېرىياللىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تۇردى قارىنىڭ بۇ شېئىرىدا بايان قىلىنىشىچە، مازار قۇرۇلۇشى ھىجرىيە 1294 - (چاشقان) يىلى (مىلادىيە 1877 -



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


يىلى) شۇ زاماننىڭ ئۆلىما ۋە تەرەققىيپەرۋەر زاتلىرىدىن بولغان قەمرىدىن خەلپەم بىلەن ۋېلىباي يولداشوفنىڭ باشچىلىقىدا ياسالغان. مازار قۇرۇلۇشى ئۈچ يىل ئىچىدە پۈتكەن.

تۆۋەندە تۆردى قارىنىڭ بۇ شېئىرى بىر ئاز قىسقارتىپ بېرىلدى.

ھەزرەتى مازارى شەرىفتىن سۆز قىلاي،
ياسالغان زامانلارىن تەئىن قىلاي.
روزەدار داموللام ئاندا ئىمام ئىدى،
ئۇل زاماندا بارچە يۇرت ئامان ئىدى.
قەمرىدىن خەلپەم زىيارەتكە كەلدىلەر،
كوھنە① بولۇپتۇر ئۇشبۇ جايلار، دېدىلەر.
ھەرتەرەپ بەرسەك خەۋەر، قىلساق سەبەب،
شايەد② ئاسان ئەيلەگەي ھەق بۇل تەلەپ.
شەيخلەر ئەتراپى جانىبقا③ بارىپ،
قىلدى ئېلان بارچەگە نەزرى يىغىپ.
ھەرتەرەپتىن كەلدى ئادەم باشلادى،
ئاز ـ تولا نەزرى ـ نىيازىن تاشلادى.
خانىقا، داش خانەلەر ھەم ھوجرەلەر،
ئالتە ئاي بارى ياسالىپ بولدىلەر.
ۋەلى باي ئاخۇن زىيارەت كەلدىلەر،
قەبرى گۇمبەزنىڭ نىيەتىن قىلدىلەر.
ھەرتەرەپ تامچى، ياغاچچى كەلتۈرۈپ،
ئىش بۇيۇردى ھەم بۇلارنى قالدۇرۇپ.
مەسلىھەت قىلدى ئۇستازلار باش قوشۇپ،
نەچچە ئاربادا④ ياغاچلار، خىش توشۇپ.
جەمئى بولدى خالايىق بارىسى،
قالمادىلەر ھەم يىگىتۇ قارىيسى.
ئاچتى گۇمبەزنى بۇلار كۆپ كۈچ بىلەن،
تۆرت تەرەپتە تۆرت ھوجرا بار خىش بىلەن.
ئاخۇنۇم نىزامىدىن كەلدى يېتىپ،
— سەبرى ئەيلەڭلەر، ـ دېدىلەر، ـ تېز يېپىپ.
تەھقىق ئەزىز بار ئىكەننى چاغلادى،
تېز يېپىپ ئۈستىگە قەبرە باغلادى.
بارچە يۇرتتىن كەلدىلەر خىزمەتتە قول،
ھەرتەرەپتىن كەلدى ئادەم يولى يول.
ھەم ياراغ بارى سەرەمجان بولدىلەر،
ئەۋۋەل ـ ئاخىر ئۈچ سەنەدە⑤ پۈتتىلەر.
نەزىم سۆزىنى قىلغۇچى ئابدۇلھېلىم،
دائىما بولسا تىلاۋەتتە تىلىم.
مىڭ ئىككى يۈز توقسان تۆرت ساچقان سال⑥،
ئىتتىپاق قىلدى ھېساب تارىخنى ئال.
ئۇشبۇلەرگە رەھمەتى ھەق ئەيلەسۇن،
با ئىمان جايىنى جەننەت ئەيلەسۇن.

شائىر تۆرى قارىنىڭ «ۋەيسىل قىران مازارىنىڭ ياسالغان تارىخلارى» ناملىق بۇ شېئىرى مازارلىق ئەزىم تېپىپ تاھىروف تەرىپىدىن توزۇلگەن مەجمۇئەدىن ئېلىندى. بۇ مەجمۇئە مەكتەپلەرنىڭ سىنىپ ژۇرنىلى ھەجىمىدىكى ئۇزۇنچاق چاسا دەپتەرگە قارا، يېشىل، كۆك، قىزىل ۋە سۆسۈن رەڭ سىياھلار بىلەن 1950 ـ يىلى كۆچۈرۈلگەن. جەمئىي 340 بەتلىك بۇ مەجمۇئەگە ھۆۋەيدا، مەشرەپ، ئەھمەد يەسسەۋى قاتارلىق مەشھۇر كىلاسسىك شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن تاشقىرى، نىزامىدىن ئاخۇنۇم، قۇل غەرىبى (داموللا رازىيوف)، مۇھىددىن (مۇھىببى)، ئابدۇلھېلىم قارى، ھەمرا كاتىبى قاتارلىق ئىلىدا ئۆتكەن بىرقىسىم شائىرلارنىڭ شېئىر-

① كوھنە — كونا.
② شايەد — ئېھتىمال، بەلكىم.
③ جانىب — تەرەپ، ياق.
④ ئاربا — ھارۋا.
⑤ سەنە — يىل.
⑥ ساچقان سال — چاشقان يىلى.

لىرىمۇ كىرگۈزۈلگەن. ئەزىم تېيىپ تاھىروف شۇ مەزگىلدە ئىتتىپاق (1948 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى غۇلجىدا قۇرۇلغان شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى) مازار يەرلىك تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى بولۇپ، شېئىر يېزىشقا قىزىققانىكەن. بۇ مەجمۇئەگە ئۇنىڭمۇ بىرنەچچە شېئىرى كىرگۈزۈلگەن. ئەزىم تېيىپ تاھىروف 1960- يىلى ۋاپات بولغان. مەجمۇئەنى ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇلمىجىت تۇرلۇك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، بالايىئاپەتلىك يىللاردىن ئامان ساقلاپ قالغان.

تۆۋەندە ئۇۋەيسخان ۋە سۇلتان ئۇۋەيسخان مازىرى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

14 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چىڭگىزخاننىڭ 7 - ئەۋلاد نەۋرىسى، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ 2 - خانى تۇغلۇق تۆمۈرخان (1329 — 1363) تەرىپىدىن قۇرۇلغان، تارىخىي شەھەر ئالمالىقنى پايتەخت قىلغان «موغۇلىستان خانلىقى» ناملىق بىر چوڭ خانلىق ئۆتكەن. بۇ خانلىقنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، شىمالدا ئالتاي تاغلىرىدىن باشلاپ كاتتا دېڭىزغىچە (بالقاش كۆلىگىچە)، جەنۇبتا قاراقۇرۇم تاغلىرىغىچە، شەرقتە قۇمۇلنىڭ شەرقىغىچە، غەربتە پەرغانە ئويمانلىقىغىچە بولغان بىپايان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ خانلىق 1514 - يىلى ئۇنىڭ ئورنىغا يەكەن خانلىقى قۇرۇلغانغا قەدەر ھۆكۈم سۈرگەن. سۇلتان ئۇۋەيسخان ئەنە شۇ موغۇلىستان خانلىقىنىڭ 5 - خانى بولغان.

سۇلتان ئۇۋەيسخان چىڭگىزخاننىڭ 11 - ئەۋلاد نەۋرىسى، چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن خىزىر



سۇلتان ئۇۋەيسخان مازىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خوجىنىڭ چەۋرىسى بولۇپ، ئىلى ۋادىسىدا ئۆتكەن مۇئەييەن تۆھپىسى بار خانلاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» (بىرىنچى كىتاب) دا كۆرسىتىلىشىچە، سۇلتان ئۇۋەيسخان تەقۋادار مۇسۇلمانلاردىن ئىكەن. ئۇۋەيسخان 1418 - يىلى قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئىلى ۋادىسىغا كۆچۈپ كەلگەن ۋە خانلىق نامىنى ئىلى بالىققا ئۆزگەرتكەن. ئۇ 1428 - يىلى ئىسسىقكۆل بويىدىكى ئۇرۇشتا قازا قىلغان. ئۇيغۇر تارىخچىسى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر (1500 — 1551) نىڭ «تارىخى رەشىدى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنىڭ 1 - كىتابىدا سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ تەختكە چىقىش، سان - ساناقسىز ئۇرۇشلارغا قاتنىشىش ۋە قازا قىلىش جەريانى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. ئۇ قازا قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ جەسىتى ئىلىغا ئېلىپ كېلىنىپ، ئابرال تېغىنىڭ شىمالىي قاپتىلىدىكى بوربوسون غولى (دەرياسى) نىڭ ساھىلىغا، ئاقچىغ غولىنىڭ ئاغزىغا دەپنە قىلىنغان.

سۇلتان ئۇۋەيسخان مازىرى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى مازار يېزىسىنىڭ شەيخ مەھەللىسىگە جايلاشقان. مازار جايلاشقان كىچىك ئويمانلىق غۇلجا ناھىيىسى بىلەن نىلقا ناھىيىسى تۇتاشقان جايدا بولۇپ، بۇ يەر بىلەن غۇلجا شەھىرىنىڭ ئارىلىقى 50 كىلومېتىرچە كېلىدۇ. بوربوسون غولى تۆت ئەتراپى يېشىللىققا پۈركەنگەن مۇشۇ ئويمانلىقتىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. مازار يېزىسىنىڭ نامى سۇلتان ئۇۋەيسخان مازىرىنىڭ مۇشۇ يەرگە جايلاشقانلىقىغا ئاساسەن قويۇلغان.

مازار رايونىنىڭ ئىگىلىگەن ئورنى 100 مو ئەتراپىدا كېلىدۇ. مازارنىڭ غەربىي تەرىپىدە مەسچىت بار، ئۇنىڭ يېنىدا بىرنەچچە تۇپ قېرى سېدە دەرىخى بار، رىۋايەت قىلىنىشىچە، سېدىلەرنىڭ تىكىلگىنىگە 100 يىلدىن ئاشقانىكەن.

مازارنىڭ ئىشىكى جەنۇب تەرەپكە قارايدۇ، مازار خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئېگىز ئىمارەت بولۇپ، 1 -، 2 -، 3 - قەۋەتلىرى تۆت چاسا شەكلىدە ياسالغان، دېرىزىلىرىگە دۆگىلەك نەقىشلەر بېرىلگەن ۋە ئەرەب يېزىقىدا ئايەتلەر يېزىلغان. 1 - قەۋىتىنىڭ لەمپىلىرىنى 20 تال تۈۋرۈك كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، 1 -، 2 -، 3 - قەۋەتلىرىنىڭ لەمپىلىرى تۆت قىرلىق ياغاچتىن ياسالغان، لەمپە ئۇستىگە كاھىش قويۇلغان، 4 - قەۋىتى ئالتە بۇرجەكلىك پەشتاق بولۇپ، ئەڭ يۇقىرىسىغا ھىلال ئاي شەكلى چۈشۈرۈلگەن.

1985 - يىلى مازارنىڭ 2 -، 3 -، 4- قەۋەتلىرىدىكى ياغاچ قۇرۇلمىلار ئۆرۈلۈپ چۈشتى. سابىق ئىلى ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئاسراش - باشقۇرۇش ئورنى 1989 - يىلى بۇ مازارنى مۇھاپىزەت قىلىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. مازار 1989 — 1993 - يىلغىچە بولغان بەش يىل ئىچىدە ئومۇمىيۈزلۈك رېمونت قىلىنىپ، يېڭى تۈسكە كىرگۈزۈلدى، مازارنى رېمونت قىلىشقا دۆلەت 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلدى.

سۇلتان ئۇۋەيسخان مازىرى 1990 - يىل 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان 3 - تۈركۈمدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

ئىلىدىكى مەشھۇر تۆت مازارنىڭ بىرى بولغان سۇلتان ئۇۋەيسخان مازىرى ھازىر دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ساياھەتچىلەرنىڭ مۇھىم سەيلە - ساياھەت ئورۇنلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى.

# دىۋانىلەر ھەققىدە بىلىدىغانلىرىم

## ماموت غازى

(ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك بانكىسى ياشانغانلار باشقارمىسىدىن)

مەن ئاقتۇدا تۇغۇلغان، ئېسىمنى بىلسەم مەھەللىمىزدە تىلەمچىلىكنى ئادەت قىلغان ئابداللار دەيدىغان بىر تائىپە بارئىكەن. بۇلار توغرىلىق ھازىرغا قەدەر بەزى ماقالىلەر يېزىلدى، ئۇلارنىڭ تارىخى، تىلى، ئۆرپ - ئادىتى ئۈستىدە مەخسۇس تەكشۈرۈشلەرمۇ ئېلىپ بېرىلدى. بەزى ياش زىيالىيلار ئۇلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ سىگانلىرى دەپ قارىماقتا. ئۇلار كىملەر، ئۇلار نېمە ئۈچۈن «دىۋانە» دەپ ئاتىلىپ قالغان، شىنجاڭغا قاچان كەلگەن، قايسى جايلاردا ئولتۇراقلاشقان، ئۇلار نېمە ئۈچۈن تىلەمچىلىكنى كەسىپ قىلغان، ئۇلارنىڭ توپلىشىپ تىلەمچىلىك قىلىش ئادىتى قاچان باشلىنىپ، قاچان ئاخىرلاشقان، تىل - يېزىقى بارمۇ، ئۆرپ - ئادەتلىرى قانداق؟ بۇ ھەقتە جۇمھۇرىيەت قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى كۆرگەن - بىلگەنلىرىم ۋە جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ئەھۋال ئىگىلەپ يازغان بەزى خاتىرىلىرىمگە ئاساسەن، بىلىدىغانلىرىمنى يېزىپ كۆپچىلىكنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇندۇم.

### شۆتاڭدا يېقىلغان گۈلخان

مەن قەلەندەر شاھىمەن،
ئالەم ماڭا ۋەيرانىدۇر.
پايتەختىم گۈلخانىم،
ئوردام قەلەندەرخانىدۇر.
— مەشرەپ

ئاقتۇ ناھىيىسىدىكى پىلال يېزىلىق ھۆكۈمەت دەرۋازىسىنىڭ يېنىدىكى قەدىمىي كۆلنىڭ شەرق تەرىپىدە 1914 - يىلى قۇرۇلۇپ، 1931 - يىل 3 - ئايدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن كېيىن ئۇقۇش توختاپ قالغان شۆتاڭ دەرۋازىسىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىغا سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ ئالدىدا قوش قاناتلىق ئىشىكى شەرققە قاراپ تۇرىدىغان چوڭ زال ئەينى ۋاقىتتا توپلىشىپ تىلەمچىلىك قىلىدىغان دىۋانىلەرنىڭ چۈشكۈنخانىسى ئىدى. دىۋانىلەر بۇ يەرگە 20 — 30 دىن بولۇپ بىر كەلسە، ئۇن نەچچە كۈنلەپ تۇراتتى. بىر توپ دىۋانىلەر كەتسە، باشقا بىر توپ دىۋانىلەر كېلەتتى. ئۇلار ھەر ئاخشىمى زالنىڭ تۆگلۈكىنىڭ ئۇدۇلىغا گۈلخان يېقىپ، كورىلىرىدا چاي قاينىتىپ، تىلىگەن نانلىرى بىلەن قورسىقىنى تويغۇزغاندىن كېيىن، گۈلخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، يېتەكچى ئاشىقنىڭ باشچىلىقىدا نەچچە نۆۋەت «ياھۇدوست» دەپ ۋارقىرىشىپ، زىكىر - سۆھبەت باشلايتتى. ھەر قېتىمقى زىكىر - سۆھبەت تەخمىنەن بىر يېرىم سائەتتىن ئىككى



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سائەتكىچە داۋاملىشاتتى. ھەممىسى ساپايە چېلىپ گۇلخاننى چۆرىدەپ زىكىر قىلىپ ئالدىغا سىلجىپ، زالنىڭ ئىچىنى قىزىتىۋېتەتتى. بارغانسېرى ئالدىغا سۈرۈلۈپ، «ھۇ» دېگەنچە تورۇسقا قاراپ خۇددى دەم تۇتقان كەپتەردەك بۇقۇلداپ ئاغزىدىن كۆپۈك قايناپ كېتەتتى. بىر ھازادىن كېيىن، بىر قولىدا ساپايىنى، بىر قولىدا قولىقىنى تۇتۇپ قاتتىق ئۇيقىدىن ئويغانغان ئادەمدەك كۆزلىرىنى ئېچىپ، كىشىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلغىدەك زىل ئاۋازدا تارىختا ئۆتكەن پىرلىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ «يا ھۇ - يا پىرىم» دېگىنىچە تەرلىرىنى ئېرتىپ توختىشاتتى. بۇنداق چاغدا زالنىڭ ئىچى ھەر تەرەپتىن كەلگەن ئادەملەر بىلەن تولۇپ كېتەتتى.

ئۇيغۇرلاردا «دىۋانىنى دىۋانە قىلغان خەير بەرگۈچى» دېگەن سۆز بار. بۇ يەرگە كەلگەنلەر قۇرۇق كەلمەيتتى، بولۇپمۇ ئاياللار پۇل، نان، بۇغداي - قوناق قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىپ، ئۆزى خالىغان دىۋانىلەرگە بېرەتتى. ئەرلەر ئوتۇن يەتكۈزۈپ بېرەتتى.

شۆتاڭدىكى گۇلخان يېقىش 1935 - يىلى شۆتاڭنىڭ ئورنىغا پەننىي مەكتەپ سېلىنغىچە داۋاملاشتى.

## كېپىنەك تونلۇق بوۋا

1936 - يىل 8 - ئاينىڭ مەلۇم بىر جۈمە كۈنى ئاقتۇ مەدرىسىنىڭ ئالدىدىكى دۆڭگە جايلاشقان خوجاپېقىرخوجا مازىرىدا شەيخ (مازارنىڭ ئىگىدارى)، مۇتىۋەللى (ئىقتىساد باشقۇرغۇچى)، جارىپكەش (تازىلىق قىلغۇچى)، بۆكۈل (مال ئۆلتۈرگۈچى)، قوۋۇقچى، چىراغچى قاتارلىقلار ناھايىتى ئالدىراش بىر كالىنى سويۇپ، جۈمە نامىزىدىن يېنىشقا ئۆلگۈرتۈپ داش قاينىتىش بىلەن بولۇۋاتاتتى. مازار قورۇسىنىڭ شەرق تەرىپىدە يىگىرمىدىن كۆپرەك دىۋانە ئىشىك تەرەپكە قاراپ تۇراتتى. بىر چاغدا ئۇلار مازارنىڭ ئىشىكىدىن ئاپئاق ساقاللىق بىر ئادەمنى ئېلىپ كىردى. بۇ زامانلاردا دىۋانىلەرنى مانا مۇشۇنداق بوۋا (دىۋانىلەرنىڭ باشلىقى) باشقۇراتتى. بېشىغا بىر غۇلاچ كېلىدىغان كۇلا، ئۇچىسىغا كېپىنەك تون كىيىپ، بېلىگە قوش رومال باغلاپ تەسۋى ئېسىۋالغان، ئوڭ قولىدا سوتا تۇتۇپ تۇرغان قامەتلىك بۇ كىشى يېڭىسار تەۋەسىدىكى دىۋانىلەرنى باشقۇرىدىغان 65 ياشلىق سەلىم بوۋا ئىدى.

ئۇ ئازراق چاي ئىچىۋالغاندىن كېيىن، ئۆرە تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى: «سىلەر يەتتە كەنتپاراچ تەۋەسىدىكى دىۋانە ئاشىقلار ئارىسىدىن كەلدىڭلار، دىيارىمىزدا يېڭى ھۆكۈمەت (شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنى دېمەكچى — ئاپتور) قۇرۇلۇپ، ناشايان ئىشلار تۈگەپ، ھەممە ئادەم خاتىرجەم ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولماقتا. ئاۋۋالقى ۋەخپە يەرلەر ئۇيۇشمىغا قايتۇرۇلۇپ، مەكتەپلەر ئۇچۇن سەرپ قىلىنماقتا. ئەمدىلىكتە دىۋانىلەرنىڭ كۇدە - كۆرپىلىرىنى سۆرەپ يۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، ھەممە دىۋانە - ئاشىقلار دېھقانچىلىق، ھۈنەرۋەنچىلىك قىلىپ جېنىنى بېقىشى لازىم. 50 ياشتىن ئاشقان قېرى ئاجىزلارنىڭ بىر ھەپتىدە ئۈچ كۈن (دۈشەنبە، پەيشەنبە، شەنبە) خەير - ئېھسان تىلەپ جېنىنى بېقىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ. تىلەمچىلىك ئۆز تەۋەيىڭلاردا بولسۇن، خەير تىلەش ئەتىگەندە بولسۇن، ۋاقتى بەك ئۇزۇن

بولۇپ كەتمىسۇن، خەير بەرگۈچىنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قارىماڭلار، ھويلا ـ ئارامىلاردا تۇرغان نەرسىلەرگە قەتئىي چېقىلماڭلار. مېنىڭ دېگەنلىرىمنى بارلىق دىۋانە ـ ئاشىقلارغا يەتكۈزۈڭلار. ھەممىڭلارغا پىر ـ ئۇستازلارنىڭ روھى مەدەتكار بولغاي»، دەپ سۆزىنى تۈگەتتى. دىۋانىلەر ئۇنىڭ ھەربىر جۈملە سۆزىگە «يا ھەق، ھەق راست» دېيىشىپ تۇردى. بوۋاي ئىككى كىشىگە بىردىن كۆلا، بەش كىشىگە بىردىن كاشا (يۇڭ يىپتا توقۇلغان بەلۋاغ) تارقىتىپ بەردى.

## رەخىم ئاكا بىلەن سۆھبەت

1972 ـ يىل 8 ـ ئايدا ئاقتوغا توغقان يوقلاپ كەلگەندە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ بۇلاقسۇ يېزا سوقابېشى كەنتىدىكى ئىنىمنىڭ قېشىغا بېرىپ، رەخىم ئىسىملىك بىر بوۋاي بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. مەن بوۋاينى ئىككى قېتىم تاماققا تەكلىپ قىلىپ، دىۋانىلەرنىڭ ئۆتمۈشى ھەققىدە سۆھبەتلەشتىم.

— رەخىم ئاكا، سىلى كۆپنى كۆرگەن ئادەم، دىۋانىلەر توغرىلىق بىرئاز سۆزلەپ بەرسىلە بوپتىكەن؟

— مەن ئەسلىمدىن دىۋانە ئەمەس، كىچىك چېغىمدا قەشقەردە تۇرسام، بىر توپ دىۋانىلەر، ھەققۇلىبەگ (ياقۇپبەگنىڭ ئوغلى) كورلىغا لەشكەر تارتىدىكەن، بىزمۇ ئارقىسىدىن ماڭمىز دەپ تۇرۇپتۇ، مەنمۇ ئۇلارغا قوشۇلدۇم. بىز پەيزاۋاتقا كەلگەندە بىر ھەربىي چىقىپ بىزنى تىزىلدۇرۇپ سانىغانىدى، بىز 78 ئادەم چىقتۇق. ئاراڭلاردا خەت بىلىدىغانلار بارمۇ دەپ سورىغانىدى، بىرمۇ ئادەم چىقمىدى. ھەر كۈنى لەشكەرلەرگە ئۈچ ۋاق تاماق بەرگەندە بىزگىمۇ تاماق بەردى. ئاخشاملىرى قونغان جايدا دىۋانىلەر ساپايە چېلىپ، زىكىر ـ سۆھبەت قىلىپ، چۆشكۈن قىلغان يەرنى قىزىتىۋېتەتتى، بۇنى كۆرگەن بايلار مال ئۆلتۈرۈپ، دىۋانىلەرنى مېھمان قىلاتتى، بەزى سودىگەرلەر زاكات تارقىتىپ بېرەتتى. لەشكەرلەر ئاقسۇنىڭ ئايكۆل دېگەن يېرىگە كەلگەندە توختاپ قالدى. دىۋانىلەر ئۆز توپى بويىچە مېڭىپ كونا تۇرپانغا كەلدى. مەنمۇ دىۋانىلەر بىلەن بىللە تۇرپانغىچە بېرىپ ئاندىن قايتىپ كەلدىم. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ماڭا «رەخىم دىۋانە» دېگەن لەقەم سىڭىپ قالدى. ھازىر 112 ياشقا كىردىم، بىر ئوغلۇم، بىر قىزىم بار. ھېلىمۇ ئېچىم پۇشسا، بەشتاش تۈگمەنگە بېرىپ بىر ـ ئىككى شىلە ئۇن تېپىپ كېلىمەن، — دېدى.

مەن گەپنى دىۋانىلەر تەرەپكە بۇراپ:

— دىۋانىلەرنىڭ توپلىشىپ تىلەمچىلىك قىلىشى قاچان باشلانغان؟ — دەپ سورىدىم.

— بۇ ناھايىتى ئېنىق ئىش، — دېدى بوۋاي، — سىلىگە دەپ كەلسەم، ھەر يىلى ھوشۇر ئاي (ھىجرىيە 1 ـ ئاي) نىڭ 10 ـ كۈنى قەشقەر، يەكەن، قاغىلىق تەۋەسىدىكى دىۋانىلەرنىڭ ھەممىسى يېڭىسارنىڭ 40 كىلومېتىرچە شەرقىدىكى سەسقۇمدىكى ئوردىخان مازىرىغا يىغىلىدۇ. باشقا ئادەملەر تۇغ باغلاش ئاخىرلاشقان كۈنىلا قايتىپ كېتىدۇ، ئەمما دىۋانىلەر بۇ قاقاسلىقتا قومغا كۆمۈلۈپ تاكى شەيخلەر خانىقانى تاقىۋەتكىچە تۇرىدۇ. ھەر يىلى ئۆرۈك پىشقاندا ئاپپاق خوجا خوجا مازىرىدا ئۆرۈك سەيلىسى بولىدۇ. سەيلە بىر ئايدىن ئارتۇق داۋام قىلىدۇ، بۇ سەيلىگە دىۋانىلەر تېخىمۇ كۆپ يىغىلىدۇ، ياشلىرى ھەلقىم (يۇمىلاق) بولۇپ

www.uyghurkitap.com

ئولتۇرۇپ، ساپايە چېلىپ، زىكرى - سۆھبەت قىلىشىدۇ. قىرىلار، ئاياللار ۋە باللار شەربەتكۆلنىڭ بويىدىكى دەرەخلەرنىڭ سايىسىدە كۇدە - كۆرپىلىرىنى يېيىشىپ، داشقازاننىڭ ئېشىنى يەپ ئولتۇرۇشىدۇ. ئەنجۇر پىشقاندا ئاتۇشتا ھەزرىسۇلتانىم سەيلىسى بولىدۇ. بۇ سەيلىنىڭ ۋاقتى ئۇزۇنراق، كۆلىمى چوڭراق بولىدۇ. سەيلىگە قەشقەر، يەكەن، خوتەن تەۋەسىدىكى دىۋانىلەر توپلىشىدۇ. دىۋانىلەرنىڭ قەشقەر تەۋەسىدىكى توپلىشىپ تىلەمچىلىك قىلىشى مانا مۇشۇنداق پەيدا بولغان، — دېدى.

ئەينى چاغلاردا ئۇلاردا يەر - زېمىن، ئۆي - مۈلۈك بولمىغانلىقى ئۈچۈن، جاي - جايلاردىكى نەچچە يۈز مو، ھەتتا نەچچە مىڭ مو ۋەخپە يەرلىرى، شەھەرلەردە ۋەخپە دۇكانلىرى بولغان مەشھۇر مازارلار ئۇلارنىڭ تۇرۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەنلىكى، مۇشۇنداق مازارلار ۋە يېزا - قىشلاقلاردىكى مەسچىت - خانىقالاردا قايناپ تۇرىدىغان داش قازانلار ئۇلارنى تاماق بىلەن تەمىنلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلاردا تەركىي دۇنيا بولۇپ كۆچمەن ھالەتتە ماكانسىزلارچە تۇرمۇش كەچۈرۈش ئادىتى شەكىللەنگەنلىكى مەلۇم بولدى.

## دىۋانىلەرنىڭ كەلگەن ۋاقتى

ئىلگىرىكى تەتقىقات ماقالىلىرىدە بۇ ھەقتە ئانچە - مۇنچە مەلۇمات بېرىلگەن. مەن تۆۋەندە جۇمھۇرىيەت قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ئىككى كىشىنىڭ دىۋانىلەر ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي:

بىرى، ئاقتۇ ناھىيە پىلال يېزىسىنىڭ شەرقىگە، ئاقتۇ كەنتىنىڭ غەربىگە جايلاشقان دۆۋەشور مەھەللىسىدە ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «شىر» نى قوشۇپ ئاتايدىغان ئوقەشىر، خوجەشىر، مۇھەممەت شىر دېگەنگە ئوخشاش كىشىلەر بار ئىدى. بۇلارنى ئاقتۇدىكى دىنىي تارىخچىلار ئىران پادىشاھىنىڭ ئەۋلادلىرى دەيتتى. ئۇلاردىن مۇھەممەت شىر ئاكا مەھەللىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى پىلالنىڭ سۈيى كېلىدىغان دۆڭنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى. بۇ دۆڭدە بىزنىڭمۇ يەرلىرىمىز بار ئىدى. 1942 - يىل 5 - ئايدا بەشىمىز كېۋەز ئوتاشقا كەلگەنىدۇق. چۈشتە ئۇ كىشى بىزگە چاي ئېلىپ چىقتى. چاي ئىچىۋاتقان چاغدا، بۇ يەرگە ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ دىۋانە كېلىپ، بۇ جايدىكى ئۆيلەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ نان تىلەپ ئۆتۈپ كەتتى. مەن بىلەن بىللە كەلگەن ياسىن موللا ئاكاممۇ دىنىي مەكتەپتە ئۇزۇن ئوقۇغان كىشى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن قىشلاقتىكى دىۋانىلەر ئۈستىدە گەپ باشلىدى. پاراڭ بىر يەرگە كەلگەندە ياسىن موللا مۇھەممەت شىر ئاكىدىن:

— قىشلاقتىكى دىۋانىلەرنىڭ قاچان كەلگەنلىكىنى سىلى بىلىملا، بىزگە ئېيتىپ بەرگەن بولسىلا؟ - دېدى.

— سۆزلەپ كەلسەك گەپ تولا، نۇر باقى خەلپە تاغىمىزنىڭ دېگەنلىرىگە قارىغاندا، توققۇزاق، خانئېرىق، ئاقتۇ تەۋەسىدىكى دىۋانىلەر بۇنىڭدىن 150 يىللار ئىلگىرى ئافغانىستان، پاكىستان، كەشمىر، بەدەخشان دېگەن جايلاردىن كۆچۈپ كەلگەنىكەن. مەن ياش چاغلىرىمدا ھەر يىلى نوپۇس خەتلەنگەندە قىشلاقتىكى دىۋانىلەرنىڭ سانى ئايرىم خەتلىنىپ يۇقىرىغا مەلۇم قىلىناتتى. كېيىنچە بۇ ئىشلارمۇ يوق بولدى، - دېدى.

يەنە بىرى، مۇشۇ قىشلاقتا پولات دىۋانە دەيدىغان بىر كىشى بار ئىدى. كىشىلەر ئۇنى ساراڭ دەپ ئاتايتتى. ئۇ يېرى كۆپ بىرنەچچە

ياش دىۋانىنى ئايلىققا ئېلىپ تىلەمچىلىككە سالاتتى. كىشىلەر ئۇنى دىۋانىلەر تىلىنى كۆپ بىلىدۇ دەپ قارايتتى. 1943 - يىل 4 - ئايدا ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە ئۇرۇقلۇق قوناق ئۇقۇشقىلى كەلگەنىكەن. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئۇ ماڭا چاي قۇيغاچ مېنىڭ پىلالدىكى تۇغقانلىرىمنى سورىدى. مەن گەپ ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن:

— پولات ئاكا ھەممە نەرسەڭ تەل، 4 - ئايدا ئەسكى پاختىلىق چاپان كىيىپ ئولتۇرغىچە يېڭى كۆڭلەك - ئىشتان، بېشىڭغا يېڭى دوپپا كىيىپ ئولتۇرساڭ بولمامدۇ؟ - دېۋىدىم، ئۇنىڭ ئاغزى ئېچىلدى:

— باياتىن بېرى ماڭا 60 ياشلىق بوۋايدەك نەسىھەت قىلىپ كەتتىڭ ئۇكام. مەن تاۋار - دۇردۇنغا ئورىنىۋالسامۇ، خەقلەر مېنى پولات ئاخۇن، پولات ئاكا دېمەيدۇ، يەنىلا پولات دىۋانە، پولات ساراڭ دەيدۇ. مېنىڭ مۇشۇنداق يۈرگىنىم ئۆزۈمگە ياخشى. مېنى خەقلەر دىۋانىنى ئۇرىدۇ، دەيدۇ. بىكاردىن ئادەم ئۇرىدىغان ساراڭ ئەمەسمەن. بۇ دىۋانىلەرنى ئىشقا سالمايمەن دېسەممۇ ئۆزى كېلىۋالىدۇ، ئايلىق پۇلىنى تولۇق ئالىدۇ، كۈندە تۆت ۋاق تاماق يەيدۇ. تىلەمچىلىككە چىققاندا چۈشكەن نەق پۇلنى يانچۇقىغا سېلىپ قىمار ئوينايدۇ. كىيىمى يىرتىلسا ياماپ كىيىشنى بىلمەيدۇ. ئېتىزدا قىر چاپسا سۇ توختىمايدۇ. يەر ھەيدە دېسەڭ بوقۇسا تۇتالمايدۇ. شۇڭا بەزى ئالدىراش چاغلاردا ئاچچىقىم كېلىپ بىر ەر كاچات ئۇرۇپ تاشلايمەنشۇ، - دېدى.

— سېنى دىۋانىلەرنىڭ تىلىنى كۆپ بىلىدۇ دەيدۇ، سۆزلەپ بەرسەڭ يېزىۋالاي.

— باققالنىڭ ئالدىغا بېرىپ يېرىم كۈن سۆزلىسە بىر سىقىم جىگدە سېتىۋېلىشقا يارىمايدىغان دىۋانىلەرنىڭ تىلىنى ئۆگىنىمەن دەپ ئاۋارە بولما ئۇكام.

مەن يەنە باشقا پاراڭ سېلىشقاچ دىۋانىلەرنىڭ قىشلاققا قاچان كەلگەنلىكىنى سورىغىنىمدا ئۇ مۇنداق دېدى:

— چوڭ دادامنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، قىشلاق دېگەن يەر شورلۇق، تىكەنلىك، ياۋا جىگدىلىك ئىكەن. بۇ يەرنى ھازىرقىدەك ئاۋات قىلىش ئۈچۈن ئاتا - بوۋىلىرىمنىڭ بۇ يەردىكى كىشىلەر بىلەن تارتقان جەبىر - جاپالىرىنى ئويلىسام، بۇنى سورىغان كىشىگە گەپ قىلغۇمۇ كەلمەيدۇ، ئەمما سەن ئوقۇغان بالا ئىكەنسەن، ئۆيىمىزگە بىرىنچى قېتىم كېلىشىڭ، ساڭا بىر گەپنى دەپ بېرەي. قىشلاقتىكى دىۋانىلەرنىڭ كەلگىنىگە ئىككى كەم 150 يىل بولدى. باشقىنى بىلمەيمەن.

## دىۋانىلەر تارقالغان جايلار

دىۋانىلەر قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرىگە تارقالغان. جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلارمۇ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىدا يەر، ئۆي، مال - مۈلۈككە ئىگە بولۇپ، مۇقىم ئولتۇراقلىشىشقا يۈزلەندى. مەن تۆۋەندە 1947 - يىلدىن ئىلگىرى قەشقەر تەۋەسىدە ئولتۇراقلاشقانلىرىدىن بىلىدىغانلىرىمنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي.

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ توققۇزاق يېزىسىدىكى ئوغۇساق، كۆكئېرىق، زەمىن دائىرىسىدە؛ بۇلاقسۇ يېزىسىنىڭ سوقابېشىدىكى ئاقمەسچىت، يوغانتېرەك دېگەن يەرلىرىدە؛ تاشمىلىقنىڭ كونابازار، سېرىقئاتا كەنتلىرىدە؛ قوغان يېزىسىدىكى ۋاپ (يېڭى مەھەللە) تا.

يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ تازغۇن

uyghurkitap.com



يېزىسىدىكى جانتۆمۈر (تاشئېرىق) دە؛ خانئېرىق يېزىسىدىكى پايناپتا.

يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ يەكەن يولىدىكى قوشكۆمبەزدە.

ئاقتۇ - يېڭىسار كونا يولىدىكى سايلىق كەنتىدە؛ ئاقتۇ كەنتىنىڭ غەربىدىكى قىشلاق دېگەن مەھەللىدە؛ ئايدۆڭ دېگەن بوز يەرنىڭ شىمال تەرىپىدىكى جاڭگال دۆڭلۈكتە؛ پاراچ ئۆستىڭىدىن سۇ بۆلىدىغان تۇما بېشىدا.

يوپۇرغا ناھىيىسىدىكى كونابازار (ئاچچىق) تا.

پايناپتىن كېلىپ ئاتلىق، ئېشەكلىك يۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلىدىغانلار ئۆزلىرىنى ئابداللارنىڭ ئەۋلادلىرى دەپ مەغرۇرلىنىدۇ. تۇما بېشىدىكىلەر ئۆزلىرىنى شاھگۇلىنىڭ ئەۋلادلىرى دېيىشىدۇ؛ ئاچچىقتىكىلىرى ئۆزلىرىنى قاراپاچاقلار دەپ ئاتايدۇ.

## تۇرمۇش ئادەتلىرى

بۇلار تىلەمچىلىكنى ئاساس قىلىپ، قوشۇمچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ساتىراشلىق ئومۇملاشقان، ئايرىملىرى خەتنە قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. خانئېرىق پايناپتىكى دىۋانىلەر ئارىسىدا پال باقىدىغانلارمۇ بار. دىۋانىلەرنىڭ تىلەمچىلىك خۇمارى تۇتقاندا ھېچنېمىگە قارىماي، بالا - چاقىسىنى ئېلىپ بېشى قايغان تەرەپكە كېتىۋېرىدۇ.

دىۋانىلەر تىلىگەن ناننى سېتىشنى يامان كۆرىدۇ. تىلەپ كەلگەن قوناقنى بىر ئۆيگە تۆكۈپ سېتىپ پۇلىنى بۆلۈشىدۇ.

ئاقئۈششاق ۋە ماش، پۇرچاقلار بىلەن ھەر خىل ئۇنلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇماچقا ئوخشاش بىرخىل تاماق ئېتىپ يەيدۇ. ناننى چامغۇر توغراپ قايناتقان سۇغا سېلىپ ناتقايناق قىلىپ ئىچىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا زاراخەتمە (نورۇز) دا تىلىگەن پولۇنى تاغاردا ئېلىپ كېلىپ قورۇتۇپ ساقلاپ، ئۇدۇللۇق قايناقسۇ قۇيۇپ ئىچىدۇ.

ئەرلەر سالام قىلىشقاندا يانتۇ سالاملىشىدۇ؛ ئاياللىرىدا چۈمبەل تارتىدىغان ئادەت يوق. سەدىقە ئالغان ۋە دۇئا قىلغان چاغدىكى ھەرىكىتى ئىنتايىن سىپايە بولىدۇ. باشقا دىنىي ئادەتلىرى يەرلىك كىشىلەرنىڭكىگە ئوخشايدۇ.

## دىۋانىلەرنىڭ تىلى

مەن ئاقتۇدىكى تۇغقانلىرىمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1941 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئاچامنىڭ قېشىغا كېلىشتىن ئىلگىرى دىۋانىلەرنىڭ ئۆز تىلى بارلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدىم. ئاقتۇغا كېلىپ يېڭىدىن ئاشلىق ئېلىپ سېتىشقا كىرىشكەن ۋاقتىم ئىدى. بىر بازار كۈنى جوۋا (ئاشلىق بازىرى) دا قوناقنىڭ باھاسىنى سوراپ تۇرسام، ئاچامنىڭ يولدىشى ياسىن ئاكام قېشىمغا بىر كىشىنى باشلاپ كېلىپ، «ماۋۇ ئادەم بىزگە تونۇش، قوناقتا پۇل ئالىمەن دېسە بەرسىڭىز بولىدۇ» دەپ كېتىپ قالدى. بۇ بەش يىل ئىلگىرى خوجاپېقىر مازىرىدا سەلىم بوۋا كۆلا تەقدىم قىلغان ئىككى دىۋانىنىڭ بىرى بولۇپ، ئىسمى ھەسەن ئاشىق ئىكەن. مەن بەش چارەك قوناقتا پۇل بەردىم. لېكىن ئىچىمدە، بۇ دىۋانىلەر يەر تېرىمىسا قوناقنى نەدىن تېپىپ بېرىدۇ دەپ ئويلاپ قالدىم. كېيىنكى چارشەنبە كۈنى ئۆيدە ئىشلەيدىغان بالا مېنى ئايدۆڭ دېگەن بوزيەرنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى دىۋانە مەھەللىسىگە باشلاپ باردى. تاملىرى چىم بىلەن قوپۇرۇلغان ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەندە ھېلىقى ئادەم چىقىپ بىزنى ئۆيىگە باشلاپ

كىردى ۋە بورا ئۈستىگە تۆكۈپ قويغان بەش چارەك قوناقنى تارتىپ بەردى. بۇنىڭغا ئارپا، تېرىق، بۇغداي، ئاق قوناق ئارىلاش ئىدى. بىز تاشقىرىغا مېڭىش ئالدىدا يان تەرەپتىكى ئىشىكتىن بىر قېرى دىۋانە چىقىپ:

— بۇق سۇرۇق (كەپتەر قونىقچۇ؟)، — دەپ ئاچچىقلاپ كەتتى.

— سۇرۇق دەخ (قوناق بار)، — دەپ جاۋاب بەردى ھەسەن ئاكا.

مەن يولدا كېتىۋېتىپ يېنىمدىكى بالىدىن:

— باياتىن دىۋانىلەر مەن ئاڭلاپ باقمىغان بىر گەپنى قىلىدىغۇ؟ — دېسەم، ئۇ بالا:

— ئۇلارنىڭ ئۆز تىلى بار، قېرىلىرى كۆپرەك بىلىدۇ، ئەمما يەرلىك كىشىلەر بار جايدا سۆزلىمەيدۇ، ياشلىرى ئانچە بىلمەيدۇ، — دېدى.

بۇ ئىش مەن 1944 - يىل 4 - ئايدا ئاقتۇدىن ئايرىلغىچە دىۋانىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشىپ ئۇلارنىڭ تىلى، تۇرمۇش ئادەتلىرى ۋە باشقا ئەھۋاللىرىنى ئىگىلەپ ئاز - تولا خاتىرە قالدۇرۇشۇمغا تۈرتكە بولغانىدى. ساقلىنىپ قالغانلىرىدىن بىرنەچچە مىسال كەلتۈرەي:

يودۇ: يەرلىك كىشى؛

داغا: ياقا - يۇرتلۇق يەنى ئۇلارنىڭ ئۆزى؛

سۇرۇق: قوناق؛

گەندۇم: بۇغداي؛

سىيىت: گۈرۈچ؛

ھەس: نان؛

دوھوت: گۆش؛

سوۋۇ: پۇل؛

دەخ: بار؛

نەدەخ: يوق؛

سەپچى: قوغۇن؛

خاپخاپ: تاۋۇز؛

سەبزەسىپىت: پولۇ؛

## نامەلۇم بىر چوكاننىڭ شىكايىتى

پىچاندا يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. 1985 - يىلىنىڭ بىر ئارام كۈنى خىزمەت ئىشى بىلەن بىرنەچچە كىشى ئۆيگە كەلدى. ياز كۈنلىرى بولغاچقا، ھويلىدا ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدا قوغۇن - تاۋۇز يېگەچ پاراڭلىشىۋاتاتتۇق. دەرۋازا قىيا ئوچۇق ئىدى. تۇيۇقسىزلا «ئەسسالام» دېگىنىچە بىر چوكان كىرىپ كەلدى ۋە:

— چاي بارمۇ؟ — دېدى.

مەن ئۇنىڭغا ئايرىم شىرە قويۇپ نان - چاي قويۇپ بەردىم. بۇ چوكان «ئۆھۆ» دەپ بىرنى يۆتىلىۋىدى، ئاسماندىن چۈشكەندەك ئىككى ئوغۇل بالا پەيدا بولدى. بۇ بالىلار ئەسلى دەرۋازىنىڭ تۈۋىدە ساقلاپ تۇرغانىكەن. ئانا - بالا ئۈچەيلەن ئىشتىھا بىلەن يېگىلى تۇردى. بىز مېھمانلار پارىڭىمىزنى قىلىشىۋەردۇق. ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇلار نانلارنى پاك - پاكىز يەپ بولدى. مەن يەنە مېھمانلاردىن ئېشىپ قالغان نان، قوغۇن - تاۋۇز، ئۈزۈملەرنى ئەكىلىپ بەردىم. ئۇلار ئۇنىمۇ پاكىزلىۋەتتى ۋە چوڭقۇر رازىمەنلىك بىلەن «رەھمەت» دەپ سىرتقا قاراپ ماڭدى. مەن ئىككى بالىسىغا بىر يۈەندىن پۇل بەردىم ۋە سەل گۇمانلىنىپ:

— توختا، — دېدىم ۋە: — سەن دىۋانىمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



— مەن دېۋانە ئەمەس، ئېرىم دېۋانە. كوپىراتسىيە ۋاقتىدا مېنى ئالماقچى بولغانىدى، مەن دېۋانىگە تەگمەيمەن دەپ تۇرۇۋالدىم، ئانامۇ قوشۇلمىدى. دادام: هازىر ئىشلىگەن چىشلەيدۇ، باي، دېۋانە دېگەن گەپ يوق، ئەترەتنىڭ كادىرى، ئوقۇغان بالا، ئۇنىڭغا تەگمەي كىمگە تېگىسەن؟ — دېدى. ئاخىرى بىز توي قىلدۇق. 1981 - يىلى يەرلەرنى هۆددىگە بەرگەندە بىزگە ئالتە مو تۆت پۇڭ باغ، تۆت ئېغىز ئۆي، بىر ئات هارۋىسى تەگدى. كۈنىمىز ياخشى ئۆتۈۋاتاتتى، ئىككى بالىلىقمۇ بولۇپ قالدۇق. بۇ يىل بۇغداي پىشقاندا، بىر كۈنى يولدىشىم: كېچە دادام چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ، مەن بۇنىڭدىن كېيىن ئەمگەك قىلىپ جاپا تارتىدىغان ئىشنى قىلمايمەن، ئاتا كەسپىمنى قىلىپ جان باقىمەن. مەن بىلەن بىللە ماڭىمەن دېسەڭ ماڭ، خالىمىساڭ قال، دېدى. دادام: بىر ئەر كىشى بولغاندىكىن سېنى باقالايدۇ، بىللە بار، دېدى. بىز بۇ يەرگە كەلگىلى 15 كۈن بولدى. ئۈچ كۈندىن بېرى ئۆزى تىلەمچىلىككە چىقماي باشقىلار بىلەن قارتا ئويناپ، هاراق ئىچىپ ئولتۇرۇپ، مېنى ئىككى بالام بىلەن تىلەمچىلىك قىلىشقا زورلىدى. مەن تىلەمچىلىك قىلىپ باقمىغانلىقىم ئۈچۈن، قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي بۇ هويلىغا كىرىپ قالدىم. ئەمدى مەن دادامغا خەت يېزىپ، بۇ يەردىن مېنى ئېلىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلىمەن، — دەپ يىغلىغىنىچە چىقىپ كەتتى.

خاتىمە ئورنىدا

يۇقىرىقىلار ئاساسەن ئىلگىرىكى ئىشلار. ئازادلىقتىن كېيىن، پارتىيە، هۆكۈمەتنىڭ رەهبەرلىكىدە دېۋانىلەرمۇ يېڭى سىياسەتتىن بەهرىمەن بولۇپ، هەر مىللەت خەلقى بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئىلىم - پەنگە يۈزلىنىش قىلىپ، هەرقايسى ساهەلەردە ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ۋەتەن ئۈچۈن تۆهپە قوشماقتا. ئەمما ئاز ساندىكى كىشىلەر يەر - زېمىنىنى تاشلاپ، يەنىلا تىلەمچىلىك بىلەن شۇغۇللانماقتا. بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئۆز جايىغا قايتىپ، هالال ئەجرى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

تەھرىرلىگۈچى: ئەخمەت روزى توغرۇل

## ئوقۇرمەنلەر سەمىگە:

مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 2004 - يىللىق 3 - سانىنىڭ 64 - بېتىگە بېرىلگەن سۈرەتتىكى ھەمشىرىلەرنى تونۇشتۇرۇشتا ئالدىنقى رەتتىن بىر قىزنى چۈشۈرۈپ قويغانلىقتىن، ئۇلارنى خاتا تونۇشتۇرۇپ قويۇپتىمەن. تۆۋەندىكىدەك تۈزىتىپ ئوقۇشۇڭلارنى سورايمەن.

ئارقا رەت سولدىن: 1. [illegible]ژانگۈل ھاشىم، 2. رابىيە غېنى، 3. زىنىنەت ئەخمىدى؛

ئالدىنقى رەت سولدىن: 1. [illegible]م غېنى، 2. تۇخان ئۆمەر، 3. پەرىدە (بۇرۇن خاتا ھالدا رىزۋانگۈل دەپ تونۇش[illegible]لغان)، 4. سائادەت مەھەممەتنىياز، 5. زەينەپ.

ئاپتور: ئىسرائىل تۇردى